ئەك. شىمس( گېرمانىيە )




ھۇنلارنىڭ ياۋروپاغا بېسىپ كىرىشى

# ئاتتىلا ھەققىدە رىۋايەت

تەرجىمە قىلغۇچى: ئۆمەرجان نۇرى

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى



ھۇنلارنىڭ رىۋايەت تۈسنى ئالغان داھىيسى ئاتتىلا



ئاكۋىلىيىە تام رەسىمدە تەسۋىرلەنگەن ھۇنلارنىڭ كامالەتكە
يەتكەن ئاتقا مىنىش تېخنىكىسى


**图书在版编目(CIP)数据**

阿提拉的传奇/艾克·施米茨著;吾买尔江·努日译.
喀什:喀什维吾尔文出版社,2004.4（2011.2 重印）
ISBN 978—7—5373—1259—2

Ⅰ.阿… Ⅱ.①艾…②吾… Ⅲ.阿提拉(406～453)—
生平事迹—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.K835.107.2

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2004）第 033362 号

责任编辑:帕孜里江·木沙
责任校对:拜合提亚尔·阿布力米提


# 阿提拉的传奇

（匈奴人入侵欧洲）

艾克·施米茨 著
吾买尔江·努日 译



**喀什维吾尔文出版社出版发行**
（喀什市塔吾古孜路 14 号　邮编:844000）
**各地新华书店经销**
**喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷**
787×1092 毫米　1/32 开本　3.625 印张　4 插页
2004 年 4 月第 1 版　2011 年 2 月第 3 次印刷
印数:3001——5000　定价:9.00 元



如有质量问题,请与我社联系调换　电话:0998—2653927



جەڭگە ماھىر جاسارەتلىك ھۇن ( كىنودىن سۈرەت )




شىمالدىكى مىللەتلەرنىڭ پاراكەندىچىلىك سېلىشىدىن مۇداپىئە كۆرۈش
ئۈچۈن، ئىنسانىيەت تارىخىدىكى كاتتا قۇرۇلۇش — سەددىچىن ياسالغان



ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرى ھازىرمۇ ھۇنلار دەۋرىدىكىدەك كۆچمەن
چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ تۇرالغۇسى




ئاسىيا يايلاقلىرىدىكى مىللەتلەرنىڭ قول
ھۈنەرۋەنچىلىك تېخنىكىسى ناھايىتى يۇقىرى
بولۇپ، بۇ موڭغۇلىيەدىكى نويان ئۇرادىن تېپىل-
غان 2000 يىلدەك تارىخقا ئىگە گىلەم



ھۇنلارنىڭ ئەڭ مەشھۇر
مىس قازانلىرىدىن بىرى







هۇنلارنىڭ ئۇزۇن قىلىچى



بۈگۈنكى ۋېنگىرىيەنىڭ بۇ زېمىنىدا هۇنلارنىڭ ئەڭ مەشھۇر داھىيسى قارارگاھ تىككەن




ۋېنگىرىيەدىن تېپىلغان هۇنلار دەۋرىگە تەئەللۇق ئالتۇن جابدۇقلار






ئاتتىلا ياش ۋاقتىدا ئىتالىيەنىڭ شىمالىدىكى داچا ۋە ئوردىدا رىملىقلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى بىلەن يۇنان ۋە رىم تارىخىنى ئۆگەنگەن


ئارخېئولوگلار مۇخۇلىيەدىن فىرانسىيەنىڭ غەربىگىچە تارقالغان هۇنلار دەۋرىدىكى قەبرىلەردىن چىققان ئادەمنىڭ باش سۆڭىكىنىڭ نورمال چوڭايغان بولماستىن، ئاتالمىش




گاللىيەدە قوشۇن چېكىندۈرۈپ، ئىككىنچى يىلى ئاتتىلا ئىتالىيەنىڭ شىمالىغا لەشكەر تارتقان. باياشات ئاكۇيلىپىيە تالان-تاراج قىلىنىپ قۇرۇقدالغان، ھەتتا شەھەر سېپىلىنىڭ ئۇلىمۇ بۇزۇۋېتىلگەن



ئاتتىلانىڭ ئىشقۋازلىقى تەسۋىرلەنگەن رەسىم ( پائۇل ئامىن سىزغان )



كارت موناستىرىنىڭ تېمىغا ئاتتىلانىڭ مەرمەرگە ئويۇلغان قاپارتما باش سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، « ئاتتىلا، تەڭرىنىڭ جازاسىدۇر»دېگەن بىر جۈملە سۆز ئويۇلغان



پىرىسكوسنىڭ تەسۋىرلىشىچە، ئاتتىلا ياغاچ رېشاتكا بىلەن قاشالانغان قورۇقتا تۇرىدىكەن( 19 ـ ئەسىردىكى بىر دەرسلىككە كىرگۈزۈلگەن قىستۇرما رەسىم )




غەربىي رىمنىڭ شاھ ئانىسى پىراسدىيەنىڭ راۋىنادىكى قەبرىسى ( مىلادىيە5 ـ ئەسىر )

# مۇندەرىجە


ياۋروپالىقلارنى سۈر - توقاي قىلىش ................. 1
ئەڭ بىمەنە ئەپسانە ................................. 7
سىرلىق قورااللار ................................ 14
ئاتىنىڭ بېلىگە خام گۆش قىستۇرۇش .............. 22
ئۈزاقتا سوزۇلغان بۈيۈك مىللىي كۆچۈش........... 26
قەھرىماننىڭ دۇنياغا كېلىشى ...................... 32
ئىسسىق قانغا ئالتۇن تېگىشىش........................ 35
ئىككى تەڭرىقۇتنىڭ تەڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىشى ... 41
ھوقۇقنى ئۆزى يالغۇز ئىگىلەش ..................... 44
دۇنيانى ساراسىمىگە سالغان ئادەم.................. 48
ھوقۇقنىڭ ئاخىرقى چېكى................................. 53
كاتالونىيان ئۇرۇشى .................................. 58
ھالاكەتكە يۈزلىنىش .................................... 64
ئۆلۈم ۋە ئىلاھىيلاشتۇرۇلۇش ....................... 67
قورقۇنچلۇق قۇربانلىق ................................. 71
ھۇن ئىمپېرىيەسىنىڭ زاۋال تېپىشى................... 77
ئاتىلا بىلەن غىزالىنىش ................................ 82
ھۇنلارنىڭ ياۋروپادىكى ئاجايىپ - غارايىپ تارىخى 88





بۇگۈنكى شامپانىيە رايونىدا ئاتىلا قارارگاھ تىككەن يۇملاق تامنى ھازىرمۇ كۆرگىلى بولىدۇ

كۆزنى چاقنىتىدىغان موسائىكىلار ئەينى چاغدا ئاكۇيلېيىەنىڭ باياشاتلىقىنى ئىسپاتلايدۇ




دۇنيادا ئاتىلانىڭ كىشىنى ئىشەندۈرگۈدەك رەسمى يوق. ئاتىلا دەۋرىدە قۇيۇلغان بۇ تىللادىكى رەسىمدە ئاتىلا ياۋروپالىقلارغا ئوخشىتىپ قۇيۇلغان



رىۋايەت قىلىنىشچە، ئاتىلانى پاپالىئونىڭ بەدىنىدىن تارقالغان نۇر بويسۇندۇرغانمىش، شۇنىڭ بىلەن ئاتىلا غەربىي دىنىنى تاشلىغانمىش ( ۋېنا سەنئەت - تارىخ مۇزېيىدىكى قاپارتما ئويمىدىن تارتىلغان سۈرەت )



تېئودوسىئوسII نىڭ باش رەسمى چۈشۈرۈلگەن تىللا





فىرانسىيەدىكى كۇرتىسۇل شەھەرچىسى ...

توي كېچىسى ياساۋۇللار ئاتىلانىڭ ئۆلۈپ قالغانلىقىنى بايقىغان. زادى نېمە ...

# ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن

ئۆزىنىڭ ياۋروپا زېمىنىدا ئېلىپ بارغان بىر قاتار ھەربىي يۈرۈشلىرى ئارقىلىق ياۋروپالىقلار نەزىرىدە «تەڭرىنىڭ قامچىسى» دەپ نام ئالغان بۈيۈك ھۇن تەڭرىقۇتى ئاتتىلا ھەققىدىكى تارىخىي ۋە رىۋايەتلىك تۈس ئالغان بايانلار خېلىدىن بېرى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىپ كەلگەچكە، كۆپلىگەن تارىخشۇناسلار، تەتقىقاتچىلار بۇ ھەقتە ئىزدىنىشنى ۋە پىكىر يۈرگۈزۈشنى نەزەردىن ساقىت قىلمىغان. قولىڭىزدىكى «ئاتتىلا ھەققىدە رىۋايەت» ناملىق بۇ كىتاب ئەنە شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

موڭغۇلىيە يايلاقلىرىدىن ئىلاجسىز غەربكە كۆچكەن ھۇنلار ئوتتۇرا ئاسىيادا ئاق ھۇن (ئېفتالىت) تەڭرىقۇتلۇقىنى قۇرغاندىن باشقا، داۋاملىق غەربكە قاراپ ماڭغان زور بىر تۈركۈم ھۇنلار ياۋروپاغىچە بولغان ئۇزۇن مۇساپىلەرنى بېسىپ ئۆتۈپ، نۇرغۇن ئەل - خەلقلەرنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ، ياۋروپانى لەرزىگە كەلتۈرگەن، بولۇپمۇ ياۋروپاغا بېسىپ كىرگەن ھۇنلارغا ئاتتىلا باشچىلىق قىلغان مەزگىل پۈتكۈل ياۋروپا «ھۇن - ئاتتىلا» دېگەن نامدىن ساراسىمىگە چۈشكەن چاغلار ئىدى. شۇڭا، ياۋروپالىقلارنىڭ تىلىدا ياۋايى ۋە ۋەھشىيلىك «ھۇن - ئاتتىلا»نىڭ نام - سۈپىتى

بىلەن تىلغا ئېلىنىپ كېلىۋاتىدۇ .

ئاتتىلا تەخمىنەن مىلادىيە 406- يىللىرى ئەتراپىدا تۇغۇلۇپ ، 453- يىلى ۋاپات بولغان . مىلادىيە 434- يىلىدىن 453- يىلىغىچە ياۋروپا ھۇنلىرىنىڭ تەڭرىقۇتى بولغان . 434- يىلى ئاكىسى بلېدا بىلەن بىرگە تاغىسى رۇئانىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلىپ ، ئورتاق ھۆكۈمرانلىق قىلغان . 445- يىلى ئاكىسى بلېدانى ئۆلتۈرۈپ ، ئۆزى يالغۇز سەلتەنەت يۈرگۈزگەن . 443- يىلى جەڭگىۋار ھۇن لەشكەرلىرىنى باشلاپ قۇستەنتەنىيە① گە ھۇجۇم قىلىپ ، شەرقىي رىم پادىشاھى تېئودوسىئوس II نى يەر كېسىپ بېرىپ ئولپان تۆلەشكە مەجبۇرلىغان . ئارقىدىن غەربىي رىمغا بېسىپ كىرگەن . 500 كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ رېيىن دەرياسىغىچە بولغان زېمىنلارنى ئىگىلەپ ، بارغانلا يېرىدە تالان - تاراج قىلىپ قاتتىق ۋەيران قىلىش سىياسىتى يۈرگۈزۈپ ، چىرىكلىشىپ زاۋاللىققا يۈزلەنگەن رىم ئىمپېرىيەسىگە قاقشاتقۇچ زەربە بەرگەن . شۇڭا ، ئۇنى كېيىنكىلەر «تەڭرىنىڭ قامچىسى» ، «تەڭرىنىڭ جازاسى» ۋە «تەڭرىنىڭ ئاپىتى» دەپ ئاتاشقان . 451 - يىلى رېيىن دەرياسىدىن ئۆتۈپ ، شالون (فرانسىيەنىڭ شەرقىي شىمالى)دا غەربىي رىم قوشۇنلىرىنىڭ ئەمىر لەشكىرى ئائېتىئۇس بىلەن غەربىي گوتلارنىڭ شاھى تېئودورىھ I نىڭ

① قۇستەنتەنىيە — بوسپور بوغۇزىغا جايلاشقان . مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 658- يىلى قۇرۇلۇشقا باشلىغان بولۇپ ، مىلادىيە 330- يىلىغىچە ۋىزانتىيە دەپ ئاتالغان . رىم ئىمپېرىيەسى پارچىلانغاندا مىلادىيە 395 - يىلىدىن 1453 - يىلىغىچە شەرقىي رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ پايتەختى قىلىنىپ ، يېڭى رىم دەپ ئاتالغان . ئىمپېراتور كونستانتىن شەھەر ئىسمىنى كونستانتىنىپولغا ئۆزگەرتكەن . كونستانتىنىپولنى ئەرەب - پارسلار قۇستەنتەنىيە دەپ ئاتىغاچقا ، ئۇيغۇرلارغىمۇ شۇنداق ئۆزلەشكەن . 1453- يىلى ئوسمانلى ئىمپېرىيەسىنىڭ پايتەختى قىلىنغاندا ، شەھەر ئىسمى ئىستانبۇلغا ئۆزگەرتىلگەن .



بىرلەشمە قوشۇنىغا يېڭىلىپ قالغان . كېيىن غەربىي رىمنىڭ پادىشاھى ۋالېنتىيان III نىڭ دەۋرىدە ئالپىس تېغىدىن ئۆتۈپ ئىتالىيەنىڭ شىمالىنى تارتىۋېلىپ ، ئاكۇيلېيىيە (ئادرىياتىك دېڭىزى)نى ئۈچ ئاي ئىگىلىۋالغان . رىۋايەت قىلىنىشىچە ، پاپا لېئو I نىڭ ئەلچىسى بىلەن رىم شەھىرىنى تالان - تاراج قىلماسلىققا ماقۇل بولغان . توي كېچىسى (يەنە بىر رىۋايەتتە ھەربىي يۈرۈشتە) تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كەتكەن . تارىختا ئاتتىلا قۇرغان ياۋروپا ھۇن ئىمپېرىيەسىنىڭ ئەمەلىيەتتە زېمىن چېگراسى بولمىغان ئىمپېرىيە ئىكەنلىكىنى ھەممەيلەن ئېتىراپ قىلىدۇ . دېمەك ، ئاتتىلا باشچىلىقىدىكى ياۋروپا ھۇنلىرى ئاسىيادىن ياۋروپاغا ئاسىياچە شەرق يايلاق مەدەنىيىتىنى ئېلىپ بېرىش بىلەن بىرگە ، ئەسلىي ئۆرپ - ئادىتى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتمىگەن .

ھۇنلارنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن ئىزلىرى ھەققىدە ئاز بولغاچقا ، كىشىلەر ھۇنلار ھەققىدە ئىنچىكىلەپ تەتقىقات ئېلىپ بارالمايۋاتىدۇ . بەختكە يارىشا خەنزۇچە مەنبەلەردە ئاھاڭ تەرجىمىسى بىلەن خاتىرىلەنگەن بىرقانچە ھۇنچە سۆز ۋە ۋېنگرىيەلىكلەرنىڭ ئانا تىلىدا ساقلانغان سۆزلەر ھۇنلارنىڭ تۈركىي تىللىق خەلق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى . گەرچە ھازىرغىچە «ھۇن يېزىقى» دېگەن ئېنىق يېزىق بايقالمىغان بولسىمۇ ، ھۇنلارنىڭ مەيلى موڭغۇلىيە يايلاقلىرىدا بولسۇن ياكى ياۋروپادا بولسۇن ، «دۆلەت خېتى» يازغاندا يېزىق ئىشلەتكەنلىكى ئېنىق . شۇڭا ، ھۇنلارنى ياۋروپاغا مەدەنىيەت ئېلىپ كىرگەن قەدىمكى مەدەنىي تۈركىي خەلق دېيىشكە ھەقلىقمىز .

# ياۋروپالىقلارنى سۈر-تۇقاي قىلىش

مىلادىيە 375 - يىلى پۈتكۈل ياۋروپا يەر تەۋرىگەندەك
تىترەپ كەتتى . ئاسىيادىن يوپۇرۇلۇپ كەلگەن ياۋايى ئات-
لىقلار ياۋروپانىڭ شەرقىي چېگراسىنى بۆسۈپ تاشلىدى .
ھۇنلارنىڭ كەڭ كۆلەمدە قىرغىنچىلىق قىلىپ ، يېزا -
كەنتلەرنى كۆيدۈرۈۋەتكەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەرلەر ناھايە-
تى تېزلا تارقالدى . ھۇنلار تېخى يېتىپ كەلمەي تۇرۇپلا
پۈتكۈل رىم پاتپاراقچىلىق ۋە ۋەھىمە ئىچىدە قالدى .
«ھۇنلار كەپتۇ ! قىيامەت بولغۇدەك !» ئەجەبا ، بۇ «ئىن-
جىل»دا بېشارەت بېرىلگەن ئاخىر زاماننىڭ ئۆزىمىدۇ ؟

ھۇنلار بېسىپ كېلىشتىن ئىلگىرى رىم ئىمپېرىيە-
سىنىڭ شىمالىي چېگراسى دائىم بەدەۋى قەبىلىلەرنىڭ
تەھدىتىگە ئۇچراپ تۇراتتى ، ئەمما رىملىقلارنى ھەقىقىي
باش ئەگدۈرگەنلەر يەنىلا ھۇنلار بولىدۇ . بۇلاڭ - تالاڭغا
كۆنۈپ كەتكەن ، ئاسىيادىن كەلگەن بۇ كۆچمەن چارۋىچى
مىللەتنىڭ ھەرقانچە قىلىپمۇ رىمدەك كۈچلۈك ھەربىي
ئەلگە زەربە بەرگۈدەك ئەمەلىي كۈچكە ئىگە بولالىشى ، يەنە
كېلىپ بىر مەزگىل شانۇ-سەلتەنەت سۈرگەن قەدىمىي ئىم-
پېرىيەگە ئەجەللىك زەربە بېرەلىشى قانداقمۇ مۇمكىن بول-
سۇن ؟

ئەينى چاغدىكى رىم ئىمپېرىيەسى ئۆزگىرىش ياساۋات-



ھۇنلارنىڭ ، بولۇپمۇ ئاتتىلانىڭ ياۋروپادا پەيدا قىلغان
زىلزىلىسى ئاتتىلا ھەققىدە نۇرغۇن رىۋايەتلەرنى ئاپىرىدە
قىلغان . چىنلىقتىن چەتنىگەن بۇ توقۇلما پاراڭلار يىللار-
نىڭ ئۆتۈشى بىلەن كىشىنى چۆچۈتكۈدەك دەرىجىگە بېرىپ
يەتكەن . شۇنداقتىمۇ بۇ رىۋايەتلەر يەنىلا ئاتتىلانى مەركەز
قىلىپ مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن .

بۇ كىتاب ھانس كرىستىيان خۇف رېۋىسسورلۇقىدا
قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلەرنى
ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ ئىشلەنگەن تارىخىي سىرلار توغرى-
سىدىكى كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە فىلىمىگە چۈشەندۈ-
رۈش قىلىپ يېزىلغان ئەسەر بولۇپ ، ئاممىباب ، تىلى
راۋان ، ئىلمىيلىكى كۈچلۈك ، تارىخىي چىنلىق بويىچە
ياۋروپالىقلارنىڭ ئېغىزىدىكى رىۋايەتلەرگە ماسلاشتۇرۇپ ،
ئىلمىي چۈشەندۈرۈش ئېلىپ بېرىلغان ، بولۇپمۇ ئەسەردى-
كى سۈرەتلەر بىزگە تېخىمۇ كۆپ تارىخنى يەتكۈزۈپ بېرى-
دۇ . ياۋروپا ھۇنلىرى ھەققىدە ئۇنۇملۇك تارىخىي ساۋاتقا
ئىگە بولۇشىمىزغا ياردەم بېرىپلا قالماي ، يەنە قىممەتلىك
تارىخىي پاكىتلار بىلەنمۇ تەمىن ئېتىدۇ .

ئاخىردا تارىخ جەھەتتىكى سەۋىيەمنىڭ چەكلىكلىكى
ۋە تەرجىمەمنىڭ چولتىلىقىنى ئېتىراپ قىلىمەن . شۇڭا ،
ئوقۇرمەنلەرنىڭ مەنپەئەتلىك كۆرسەتمىلىرىگە موھتاج-
مەن .

ئۆمەرجان نۇرى
2000- يىل 20 - ئىيۇل ، خوتەن

قان بولغاچقا ، كونا ئىلاھنىڭ ئورۇن بوشىتىشى زۆرۈر
بولۇپ قالغاچقا ، پارسلارنىڭ قۇياش ئىلاھىغا بولغان ئەسە-
بىيلەرچە چوقۇنۇشى رىملىقلارنىڭ ئاساسلىق ئىلاھى بول-
مىش يىرت بىلەن جەڭ ئىلاھى مارسقا نىسبەتەن ھۆرمەت-
سىزلىك ئىدى . يەھۇدىي دىنى ئەقىدىسىدىن ئۆزگىرىپ
كەلگەن يېڭى دىن — خىرىستىيان دىنى كىچىك ئاسىيادىن
غەربكە قاراپ تارقىلىپ ، رىم ئىمپېرىيەسىدىكى ئەڭ مۇ-
ھىم دىنلارنىڭ بىرسىگە ئايلاندى . كونا دىننىڭ چەتكە
قېقىلىشى نوقۇل ئېتىقادنىڭلا ئۆزگىرىشى بولماستىن ، ئې-
تىقاد تالىشىش كۆرىشى ئەمەلىيەتتە رىمنىڭ سىياسىي ھو-
قۇقىنى تالىشىش كۆرىشى ئىدى .
مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك كۆچۈشى باشلىنىپ ، غەربكە
كۆچكەن قەبىلىلەر ياۋروپاغا قالايمىقانچىلىق ئېلىپ كەل-
دى . ئوتتۇرا ياۋروپا ۋە شىمالىي ياۋروپادىكى بەزى مىللەت-
لەرمۇ كۆچۈشكە باشلىدى . نەتىجىدە بۇلارنىڭ ھەممىسى
كونا تەرتىپتىكى «رىمنىڭ تىنچلىقىنى بۇزۇۋەتتى» .
1500 يىل ئىلگىرى ھۇنلار ياۋروپاغا يۈرۈش قىلغان-
دىن باشلاپ ئۇلار ئاسىيادىن كەلگەن ۋەھىمە دەپ قارالدى .
شۇ چاغدىن ئېتىبارەن مەدەنىيەتلىك غەرب دۇنياسىدىكىلەر
ئۆزلىرىنى ساراسىمىگە سالغان شەرقلىق غەيرىي قوۋملار-
دىن ھەزەر ئەيلەيدىغان بولۇپ قالدى .
ھۇنلارنىڭ ياۋروپاغا بېسىپ كىرىشى غەرب جەمئىيە-
تىدىكى ئەڭ چوڭ سىرلارنىڭ بىرى . بۇ مىللەت نەدىن
كەلگەن ، نېمە سەۋەبتىن غەربكە قاراپ ئاتلانغان ھەمدە
نەچچە مىڭ كىلومېتىر مۇساپىنى بېسىپ بۇ ناتونۇش جايغا


كەلگەن ؟ ئۇلارنىڭ غەلىبىسىنىڭ كەينىگە قانداق سىرلار
يوشۇرۇنغان ؟ ھېلىقى رىۋايەت تۈسىنى ئالغان ھۇنلارنىڭ
داھىيسى ئاتتىلا قانداق قىلىپ بىر نەچچە يىلدىلا ياۋروپاد-
كى ئەڭ قۇدرەتلىك ھۆكۈمران بولۇپ قالغان ؟
ھۇنلار يەر شارىدىكى ئەڭ مەشھۇر مىللەتلەرنىڭ بى-
رى . ئۇلار ئەينى چاغدىكى دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ ئىمپېرىيە
بولمىش جۇڭگو ، پېرسىيە ۋە رىمغا تەھدىت سالغان بىر-
دىنبىر مىللەت . ئەمما ، باشقا قەدىمكى مىللەتلەر بىلەن
سېلىشتۇرغاندا ، ئۇلار قالدۇرۇپ كەتكەن ئىزلار ھەقىقە-
تەن ئاز بولغاچقا ، كىشىلەر ھۇنلارغا قارىتا چوڭقۇر تەتقى-
قات ئېلىپ بارالمايۋاتىدۇ . مۇناسىۋەتلىك ئارخېئولوگىيە-
لىك بايقالمىلار بولسا ياۋروپا - ئاسىيا قىتئەلىرىدىكى سا-
نسىز ئەللەرگە چېچىلىپ كەتكەن . بۈگۈنكى كۈنلەردە ئا-
لىملار بۇ تارىخىي سىراسلارنى تەقلىد قىلىپ ياساشقا ئۇرۇ-
نۇۋاتىدۇ . يەنە كېلىپ ھۇنلار يېزىقى يوق مىللەت بولغاچ-
قا ، بىز پەقەت مۇناسىۋەتسىز كىشىلەرنىڭ بايانلىرى ئار-
قىلىقلا ئۇلارنى چۈشىنىشكە مەجبۇرمىز . بۇ مۇناسىۋەتسىز
كىشىلەر بولسا ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرىدۇر . شۇنىڭ ئۈ-
چۈن ، بۇ ھەقتىكى نۇرغۇن تەسۋىرىي بايانلارنىڭ تولىمۇ
بىر تەرەپلىمە بولىدىغانلىقى تۇرغان گەپ . بۇنداق خاتىرى-
لەرنى يازغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ھۇنلاردىن قورققانلىقى
ئۈچۈن ، نۇرغۇن تەسۋىرلەرنى مۇبالىغىلەشتۈرۈۋەتكەن ،
ئۇلارنى كىشىنى چۆچۈتكۈدەك كۆپتۈرۈپ تەسۋىرلىگەن .
ئۇنىڭدىن باشقا ، ئۇلار ھۇنلارنىڭ ياۋروپانىڭ تارىخ سەھنى-
سىگە چىقىشتىن بۇرۇنقى ئەھۋالى ھەققىدە ھېچنېمىنى

تىلغا ئالمىغان . زامانىمىز تارىخشۇناسلىرى ئامالسىزلىق-
تىن باشقا كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالىدىن
پايدىلىنىپ ، يەنى بۈگۈنكى رۇسىيەنىڭ جەنۇبىدا ئولتۇراق-
لاشقان سىكەنتلەر ئارقىلىق ھونلارنى چۈشىنىشكە مەجبۇر
بولماقتا . «تارىخ پىرى» دەپ ئاتالغان ھىرودوت سىكەنتلەر
توغرىسىدا تەپسىلىي تەسۋىرلەرنى بايان قىلغان .

رىملىقلار بۇ مۇقىم تۇرالغۇسى ،مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ-
ئادىتى يوق دەپ قارالغان ھۇنلارغا قىلچە قىزىقمىغان .
لېكىن ، ھۇنلار زاۋال تېپىپ 1500 يىلدىن كېيىن ، كى-
شىلەرنىڭ ئۇلار ھەققىدىكى تەسىراتىنىڭ تولىمۇ ناتوغرا
ئىكەنلىكى ، دەرھال تۈزىتىۋېلىش كېرەكلىكىنى بايقىماق-
تىمىز . ئۇلار كىشىلەرنىڭ ئادەتتىكى چۈشەنچىسىدىكىدەك
ھۆكۈمەتسىز پىدائىيلار بولماستىن ، ئەكسىچە ، تەشكىل-
چانلىقى ناھايىتى كۈچلۈك ، يۈكسەك تەرەققىي قىلغان ،
مۇستەقىل مەدەنىيەتكە ئىگە مىللەتتۇر .نۇرغۇن كىچىك
قەبىلىلەر ئىش تەقسىماتى ئوخشاش بولمىغان ،چەك - چېگ-
راسى ئېنىق بولغان تەبىقە تۈزۈمىدىكى جەمئىيەتنى شە-
كىللەندۈرگەن ھەم ھەربىر قەبىلىنىڭمۇ قاتتىق قائىدە-
يوسۇنى بولۇپ ، بەگلەر ھېچقانداق چەكلىمىسىز ھالدا ئۆز
ئالدىغا ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن .

375 - يىلىدىن 469 - يىلىغىچە ھۇنلار ياۋروپاغا
ھۆكۈمرانلىق قىلغان 100 يىلدەك جەريانىدا پۈتكۈل ھۇنلار
ھاكىمىيىتىنىڭ سىياسىتىنى بەلگىلەيدىغان تەڭرىقۇتلار
بىرلا جەمەتتىن كېلىپ چىققان . ھۇنلار چارۋىچى ۋە چە-
ۋەندازلا بولۇپ قالماستىن ، ئۇلارنىڭ قول سانائىتىمۇ يۈك-



سەك تەرەققىي قىلغان . ئۇلاردا تېرە كىيىم - كېچەك
تىككۈچى ، زەرگەر ، ياغاچچى ، ياغاچ ئويمىچى ، پىل چى-
شىغا نەقىش چەككۈچى ، كۆنچى ، مىسكەر ، كۇلالچى ،
هارۋا ياسىغۇچى قاتارلىق ھۈنەرۋەنلەر بولغان . ھۇنلارنىڭ
«سىرلىق قورالى» ئوقيانى ياساش ناھايىتى يۇقىرى ھۈنەر
ۋە مۇناسىپ بىلىملەرنى تەلەپ قىلىدۇ . قەبرىلەردىن چىق-
قان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ھۇنلارنىڭ ھەشەمەتلىك
زىننەت جابدۇقلىرىغا تولىمۇ ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى ،
بولۇپمۇ گۈللۈك بېزەكلەرنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى كۆر-
سىتىپ بەردى . بۇلار يۈكسەك مەدەنىيەتكە ئىگە پېرسىيە
ئىمپېرىيەسىدىكى شەرق تۈسىگە ئىگە سەنئەت بۇيۇملىرى
بىلەن تامامەن ھۆسن تالىشالايدۇ .

يۇنانلىق پرىسكائۇس 449 - يىلى ۋىزانتىيە ئىمپېرى-
يەسىنىڭ ئەلچىلەر ئۆمىكىدىكى بىر ئەزا سۈپىتىدە ئاتتىلا-
نىڭ ئوردىسىغا بارغان . ئۇ بىزگە قالدۇرغان كۆرگەن -
ئاڭلىغانلىرىدا ھۇنلار ناھايىتى مېھماندوست ، دەپ تەسۋىر-
لىگەن .

بىر رىملىق بۇ كۆچمەن چارۋىچى مىللەت ھەققىدە
ناھايىتى مۇھىم بىر مەلۇمات بەرگەن . ئۇ بولسىمۇ يۇناذ-
لىقلار بىلەن قانداش تارىخشۇناس ئامىيانوستۇر . ئۇ شەرق-
تىن كەلگەن بۇ كۆچمەن چارۋىچى مىللەتنى مەدەنىيەتسىز
چارۋىچىلار ، ئىپتىدائىي ، تاش قورال دەۋرىدە تۇرۇۋاتقان
تەرتىپسىز ئالامانلار دەپ تەسۋىرلىگەن . ئامىيانوس ئۇلار-
نىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرمىگەن . ئۇ بايانلى-
رىدا ئاساسەن ئۆز تەجرىبىسىنى ئاساس قىلغان بولسىمۇ ،

لېكىن، ھۇنلار ئۇنىڭ يۇرتى ئەنتاكىيەنى ۋەيران قىلىۋەت-
كەچكە، ئۇنىڭ بايانىدىنمۇ ھۇنلاردىن قورقۇش تۇيغۇسى
ساقلانغانلىقىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ.

بىزدە ھازىر ھۇنلارغا دائىر بىر تەرەپلىمىلىكتىن
خالىي بايانلار بولمىغانلىقى ئۈستىگە، ئۇلارنىڭ ئەينى زا-
مانىدىكى ئەھۋالىغا مۇناسىۋەتلىك ھېچقانداق سۈرەتلىك خا-
تىرىمۇ يوق. ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك بىر نەچچىلا سۈرەتنىڭ
بىرى ئىتالىيەنىڭ شىمالىدىكى ئاكۇيلېيىيەدىكى بىر چېر-
كاۋنىڭ تېمىغا سىزىلغان تام رەسىمىدۇر. بۇ تام رەسىمى-
نى رىملىقلار بىلەن ھۇنلار جەڭ قىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي بىر
ئۇستا رەسسام سىزىپ چىققان. رەسىمدە نەيزە تۇتقان رىم-
لىق رىتسارنىڭ بىر ھۇننى قوغلاۋاتقانلىقى، ھۇننىڭ بولسا
ئات ئۈستىدە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، قوغلاۋاتقان رىملىققا
ئوق ئېتىۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن.

كىشىلەر پەقەت ھۇنلار ئۆزىنىڭ ۋە باشقا مىللەتلەر-
نىڭ ئۆتمۈشىنى بىلەرمۇ؟ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كېلىپ چىقى-
شى ھەققىدە زادى قانچىلىك بىرنەرسە بىلەر، دەپ قىياس
قىلىشىدۇ. بىزمۇ بۇ يېزىقى يوق مىللەتنىڭ ئېغىزدا بايان
قىلىش ئۇسۇلى بىلەن ئۆز تارىخىنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا
قالدۇرغان-قالدۇرمىغانلىقىنى بىلمەيمىز. چۈنكى، قو-
شاقچىلارنىڭ بەزمىلەردە چۆچەك-رىۋايەتلەرنى ئېيتىشى-
شى ئومۇمىي ئەھۋال. ئەمەلىيەتتە قانداشلىق جەھەتتىن
موڭغۇللار بىلەن ئەمەس، بەلكى تۈركلەر بىلەن تېخىمۇ
يېقىن بۇ مىللەتنىڭ زادى قانداق تىلدا سۆزلەشكەنلىكى
ئالىملار ئۈچۈن بۈگۈنگىچە بىر سىر بولۇپ تۇرماقتا.



كىشىلەرگە تونۇشلۇق بولغان نۇرغۇن ئىسىملار دائىم
رىم، گوت ۋە يۇنان رىۋايەتلىرىدە ئۇچرايدۇ. شۇڭا، «ئات-
تىلا» دېگەن بۇ ئىسىمنى كېيىنكى كىشىلەر بۇ ھۇن
ئاتامانىغا قويۇپ قويغان بولۇشى، «ئاتتىلا» ئۆزى بۇ ئى-
سىمنى ئاڭلاپ باقمىغان بولۇشى مۇمكىن. «ئاتتىلا» دې-
گەن بۇ ئىسىم گوتلارنىڭ رىۋايىتىدىن كەلگەن بولۇپ،
«ئاتا» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ھۇن ئاتامانىنىڭ
ئىسمىنىڭ زادى نېمىلىكىنى بىزمۇ بىلەلمىدۇق.

ھۇنلار ئۆي سالمىغان، شەھەرمۇ قۇرمىغان، ئۆلگەن-
دىن كېيىن تاش لەھەتكە سېلىپ دەپنە قىلىش ئادىتىمۇ
بولمىغاچقا، ئۇلاردىن قالغان ئىزلار ئاساسەن يوق دېيەر-
لىك. شۇڭا، بىز ئۇزاق زامانلاردىن قالغان قىل سىغماس
ئىسپاتلارغىلا تايىنىشقا مەجبۇرمىز. شۇ سەۋەبتىن، بىز
بىر قىممەتلىك ئارخېئولوگىيەلىك سەپەرگە ئاتلاندۇق.

## ئەڭ بىمەنە ئەپسانە

گوتلاردا بىر ئايال داخاننىڭ سازلىققا قوغلىۋېتىلگەن-
لىكى ھېكايە قىلىنغان بىر ئەپسانە بار. رىۋايەت قىلىنى-
شىچە، ئايال داخان ئۇ يەردە ئالۋاستى بىلەن جۈپلىشىپ،
بەتبەشىرە ھۇنلارنى تۇغقانمىش. ئۇلارنىڭ تىلى بولمىغاچ-
قا، ھايۋاندەك چىرقىرارمىش. بۇ ئەپسانە تەخمىنەن سابىق
سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئازوۋ دېڭىزى رايونىدا تارقالغان
بولۇپ، بۇ سازلىق جاي دەل ياۋروپا-ئاسىيا چوڭ قۇرۇق-
لۇقىنىڭ جۇغراپىيەلىك چېگراسىدۇر.

ئاسىيانىڭ قەدىمكى زامان تارىخىدا ھۇنلارنىڭ ھەقىقىي كېلىپ چىقىش مەنبەسى تىلغا ئېلىنمىغان. ھالبۇكى، قاتتىق زىلزىلە پەيدا قىلغان بىر ئارخېئولوگىيەلىك بايقالما كىشىلەرنى ھۇنلارنىڭ ئانا يۇرتى ئاسىيانىڭ ئەڭ شەرقىدە، بۈگۈنكى جۇڭگو بىلەن چاۋشيەن تۇتاشقان جايدا بولسا كېرەك، دېگەن خۇلاسىگە كەلتۈرمەكتە. چاۋشيەننىڭ شىمالىدا چۇڭجۇ دېگەن بىر شەھەرچە بولۇپ، كىشىلەر ئۇ يەردىكى بىر قەدىمىي قەبرىدىن ساپالدىن ياسالغان بىر ئاتلىق چەۋەندازنىڭ ھەيكىلىنى تاپقان. چەۋەندازنىڭ كەينىدە بىر كوزا مەھكەم قىلىپ ئاتقا باغلانغان بولۇپ، بۇ خىل ئۆزگىچە شەكىلدىكى كوزا تا ھازىرغىچە پەقەتلا بۇ يەردىن ھەم ھۇنلارنىڭ غەربكە كۆچكەن يوللىرىدىنلا بايقالغان.

بۇ رىۋايەت پەيدا بولغاندىن كېيىن، كىشىلەر بۈگۈنكى موڭغۇلىيە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارنى ئۇرۇشقاق كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەرنىڭ ماكانى دەپ قارايدىغان بولغان. لېكىن، موڭغۇللار 6-ئەسىردە ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كېيىنرەك بۇ ماكاندا ئولتۇراقلاشقان بولۇشى مۇمكىن. بۇ قەبىلىلەر بۇلاڭ-تالاڭغا كۆنۈپ كەتكەن ھەم باشقا مىللەتلەرنى ئەزگەن بولغاچقا، ئاسىيا تارىخىدا ئۇلار ياخشى نام قازىنالمىغان. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2-ئەسىردە جۇڭگونىڭ تارىخلىرىدا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ شىمالىدا ياۋايى قەبىلىلەرنىڭ پەيدا بولۇپ قالغانلىقى؛ ئۇلارنىڭ دائىم جۇاڭخې دەرياسىنىڭ مۇنبەت ۋادىلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ تۇرىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. جۇڭگولۇقلار بۇ تاجاۋۇز-



چىنلارنى «شيوڭنۇ» (ھۇن قول) دەپ ئاتىغان.

ياۋروپالىقلار ئىشلەتكەن «ھۇن» دېگەن سۆزنىڭ جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۇلارنى ئاتىشىدىن كەلگەنلىكى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. بىراق، ھازىر نۇرغۇن تارىخشۇناسلار ياۋروپالىقلار تىلغا ئالغان ھۇنلار بىلەن جۇڭگولۇقلار ئېيتقان ھۇنلارنىڭ بىر مىللەت ياكى ئەمەسلىكىدىن گۇمانلانماقتا. ياۋروپالىقلار ئېيتقان ھۇنلار ئەمەلىيەتتە نۇرغۇن ئوخشاش بولمىغان كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان بىرلەشمە گەۋدە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىرق تەۋەلىكى ھازىرغىچە ئېنىقلىنىپ چىققىنى يوق.

بىراق، كىشىلەرنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرىدىغىنى شۇكى، بۇ كۆچمەن چارۋىچى مىللەت موڭغۇلىيە ئېگىزلىكىدىن يولغا چىقىپ جەنۇب ۋە غەرب تەرەپلەرگە قاراپ ئىلگىرىلەپ، ئاسىيانىڭ كۆپ قىسىم زېمىنىنى ئىگىلىگەن. ھەتتا قۇدرەتلىك جۇڭگومۇ مەلۇم تەدبىر قوللىنىش ئارقىلىق ئۇلاردىن مۇداپىئەلىنىش كېرەكلىكىنى مۇۋاپىق كۆرگەن. شۇنىڭ بىلەن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 214-يىلى ئىنسانىيەت تارىخىدا ھازىرغىچە كەم ئۇچرايدىغان ئەڭ كاتتا قۇرۇلۇش — سەددىچىن ۋۇجۇدقا كەلگەن. ئەينى چاغدىكى جۇڭگولۇق بىر ئەمەلدار ھۇنلارنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن: «ئۇلارنىڭ كۆكرىكىدە سوقۇۋاتقىنى ياۋايى ھايۋانلارنىڭ يۈرىكى. ئەلمىساقتىن ئۇلار ئىنسانىيەتنىڭ بىر ئەزاسى دەپ قارالغان ئەمەس».

گەرچە سەددىچىن توسۇپ تۇرسىمۇ (سەددىچىن نۇرغۇن ئەسىرلەردىن كېيىن تەدرىجىي مۇكەممەللەشكەن)،

ئۇ كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر يەنىلا جۇڭگونىڭ شىمالىنى ئىگىلىۋالغان. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 176 - يىلى ھۇنلارنىڭ تەڭرىقۇتى موتۇن جۇڭگو پادىشاھىغا ئىككى تەرەپنىڭ ئۇرۇش توختىتىشىنى ئۈمىد قىلىپ بىر پارچە خەت يېزىپ: «ھازىر شىمالدىكى ئەللەر مېنىڭ ئىلكىمدە، مەن ئەھلى ئالەمنىڭ قورال - ياراغلارنى يىغىشتۇرۇپ، ئۆز ئارا نىزالىشىشنى توختىتىشنى ئىلتىماس قىلىمەن. مېنىڭ سەركەردە - سەرۋازلىرىم ۋە ئاتلىرىم ئارام ئالسۇن. چېگرادىكى پۇقرالار ئەمىن تاپسۇن. بالىلارنى زاكىسىدىلا نابۇت قىلماي، چوڭىيىش پۇرسىتى بېرەيلى. چوڭلار ۋە مويسىپىتلارنى سەرسان - سەرگەردان قىلىۋەتمەيلى، كىشىلەر ئەۋلادمۇئەۋلاد تىنچ ۋە ئاسايىشلىق تۇرمۇش كەچۈرسۇن. ئۆزلىرىگە بىر تۆگە، ئىككى ئات ۋە تۆت ئات قوشىدىغان ئىككى ھارۋا ھەدىيە قىلىشىمغا ئىجازەت بەرگەيلا» دېگەن.

موتۇننىڭ ئىلتىماسىنىڭ بەزىلىرى ئەمەلگە ئاشقان. ھۇنلار ئىگىلىۋالغان جۇڭگو زېمىنىدا ئۆز ئۆيىدەكلا ياشاپ، ئۆزلىرىنىڭ تۇنجى دۆلىتىنى قۇرغان. ئۇلار شەھەرلەرگە ھۆكۈمران بولۇپ، خەنزۇلار بىلەن قۇدىلىشىش ئارقىلىق جۇڭگو جەمئىيىتىگە سىڭىپ كىرگەن. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئەنسىز بىرقانچە ئەسىردە ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش توختىمىغانلىقتىن، ھۇنلارنىڭ جۇڭگودىكى تەسىرىمۇ كىچىكلەپ كەتكەن. 350 - يىلىغا كەلگەندە بىر مەيدان ۋەھشىيلەرچە ئېلىپ بېرىلغان ئىرقىي زىيانكەشلىك نەچچە ئەۋلادتىن بېرى جۇڭگودا ئولتۇراقلىشىپ كەلگەن ھۇنلارنىڭ ئۇرۇقىنى قۇرۇتۇۋەتكەن. ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، ھۇنلاردىن قېرى-ياش، ئەر-ئايال، پۇقرا ۋە ئاقسۆڭەكلەر بولۇپ جەمئىي 200 مىڭ كىشى ئۆلتۈرۈلگەن. بۇ بىر يۈگەنسىز ھەم ھۆكۈمران بولغان مىللەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، شۈبھىسىزكى، كىشىنى قاتتىق چۆچۈتىدىغان ۋەقە.

ھايات قالغان ھۇنلار ئاۋۋال شىمالغا قاراپ قاچقان. ئۇلارنىڭ كۆچۈشى نەتىجىسىدە، ئەسلىدە شىمالدا تۇرۇۋاتقان ھۇن قەبىلىلىرى غەربكە كۆچۈشكە باشلىغان بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر ئۇلار ياۋروپالىقلار ئېيتقان ھۇنلار بىلەن بىر خەلق بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇلار ئۇزۇن مۇساپىلىق كۆچۈشلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، ياۋروپانىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا بېرىپ ئاندىن توختىغان بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن.

ئۇلارنىڭ كۆچۈپ كېتىشىنىڭ يەنە بىر سەۋەبى، بەلكىم ھەممىدىن مۇھىم سەۋەبى ھاۋا كىلىماتىنىڭ ئۆزگىرىشى بولسا كېرەك. بۈگۈنكى كۈندىمۇ موڭغۇلىيە ئېگىزلىكىدە چارۋا مال باقماق ناھايىتى مۇشكۇل ئىش بولۇپ، قارا قىش دائىم ئاپەت خاراكتېرلىك ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ تۇرىدۇ. 1992 - يىلىدىكى زىمىستان قىش سوغۇقىدا، مۇشۇنداق قاباھەتلىك ھاۋا كىلىماتىغا ئالاھىدە ماسلىشالايدىغان قوتازلارمۇ توڭلاپ ئۆلگەن. چارۋىچىلار ئىنتايىن قورقۇنچلۇق قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەن. بىز سۈرەتكە ئالغان بۇ رايونلارغا مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلىك فىلىم ھەقىقەتەن كىشىنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالىدۇ.

373 - يىلىدىكى پەۋقۇلئاددە قاتتىق سوغۇق قىش هۇنلارغا ئېغىر بالايىئاپەت ئېلىپ كەلگەن. يەنە كېلىپ جۇڭگونىڭ شىمالىدىن قېچىپ كەلگەن مۇساپىرلار نوپۇس سانىنى ناھايىتى تېز كۆپەيتىۋەتكەچكە، ئوزۇق - تۈلۈك قىسلىشىپ كەتكەن. ئۆلۈشىپلا كەلگەن ياز پەسلى ناھايىتى قىسقا بولغاچقا، يايلاقتىكى مۇزلار ئېرىپ بولالمىغان. ئىككىنچى يىلىدىكى باھارمۇ كۆڭۈلدىكىدەك بولماي، يېڭى تۇغۇلغان چارۋىلارنىڭ كۆپ قىسمى سوغۇقتا توڭلاپ ئۆلگەن. ئاچارچىلىق ۋە ئارتۇقچە نوپۇس هۇنلارنى كۆچۈشكە مەجبۇرلىغان. جۇڭگولۇقلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى ئىگىلەپ تۇرغان ھەم ئەينى چاغدىكى سەددىچىن ئۈنۈملۈك توسالغۇ بولۇپ بەرگەن بولغاچقا، هۇنلار تۇپرىقى مۇنبەت جەنۇب تەرەپكە ئۆتۈشكە ئامالسىز قېلىپ، باشقا بىر يولنى — غەربكە قاراپ كۆچۈش يولىنى تاللىغان.

هۇنلار بىپايان موڭغۇلىيە ئېگىزلىكىدىن يولغا چىقىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا، ئالتاي تاغ تىزمىسى، ئارال دېڭىزى، ھەزەر كۆلى (كاسپىي دېڭىزى)، قارا دېڭىزنى بويلاپ مېڭىپ ياۋروپادىكى كارپات تاغ تىزمىلىرىغا قاراپ ئىلگىرىلىگەن. بۈگۈنكى كۈندە تارىخشۇناسلار هۇنلار بۇ يوللاردا قالدۇرۇپ كەتكەن ئىزلارنى داۋاملىق ئىزدەپ، هۇنلار ئىشلەتكەن مەشھۇر مىس قازاننى تاپتى.

تۇنجى مىس قازان ئالدىنقى ئەسىردە سىتسىلىيەدىكى بىر قۇم بارخانى يېنىدىن قېزىۋېلىنغان. شۇنىڭدىن كېيىن موڭغۇلىيەدىن غەربىي ياۋروپاغىچە بولغان ئارىلىقتىن كىشىلەر يەنە ساقلىنىش دەرىجىسى ئوخشاش بولمىغان 30



دەك مىس قازاننى تاپتى. بۇ قازانلارنىڭ ئېگىزلىكى 50 — 60 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، قازان چۆرىسىگە نەپىس گۈللەر نەقىشلەنگەن. بەزى قازانلارنىڭ گىرۋىكىگە قات - قات چىقىدىغان ئادەتتە سىزىق ئۇسلۇبىدىكى ياپراق ياكى موگۇستىمان گۈللەر ئويۇلغان. ئوخشاش تۈردىكى زىننەت بۇيۇملىرى يەنە هۇن ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئاياللىرىنىڭ باش زىننەت بۇيۇملىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ. چاۋشىيەندىمۇ كىشىلەر يەنە ئوخشاش باش زىننەت بۇيۇمىنى تېپىشتى. بۇ، هۇنلارنىڭ مۇشۇ رايوندىن كېلىپ چىققانلىقىنى چۈشەندۈرىدىغان يەنە بىر ئىسپات بولۇپ قالدى.

بۇ مىس قازانلارنىڭ ئەڭ ئېغىرى 50 نەچچە كىلوگىرام كېلىدۇ. هۇنلار ئۇزاققا سوزۇلغان مۇشەققەتلىك سەپەردە بارلىق ئارتۇقچە مەنقۇلاتلارنى تاشلىۋېتىپ، مۇشۇ ئېغىر مىس قازانلارنىلا ئاسىيادىن ياۋروپاغا ئېلىپ كەلگەنلىكىدىن، بۇ قازانلارنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى بىر قاراپلا بىلىۋالغىلى بولىدۇ. هۇنلارنىڭ جاپا - مۇشەققەتلەردىن قورقماي، مۇشۇنداق ئېغىر مىس قازانلارنى يېنىدا ئېلىپ يۈرۈشىنى تاماق ئېتىپ يېيىش ئۈچۈنلا دېگەن قاراش پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ.

بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ نەپىس ئىشلەنگەن مىس قازان موڭغۇلىيەنىڭ نويانئۇلا تېغىدىن بايقالغان. ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن قۇيمىچىلىق تېخنىكىسى (ئاۋۋال سېغىزدا قېلىپىنى ياساپ قۇيۇۋالغاندىن كېيىن، ئاندىن بىر - بىرىگە يېپىشتۇرۇلغان) بىلەن سىرتقى يۈزى ۋە گىرۋىكىدىكى بېزەكلەردە جۇڭگو سەنئىتىنىڭ تەسىرى ئىپادىلىنىپلا قال-

ماستىن، يەنە ھۇنلارنىڭ ئۆزگىچە ئۇسلۇبىنمۇ گەۋدىلەندۇرۇلگەن. مىس قازاننىڭ ياسىلىش سەنئىتى بىلەن گۈزەل زىننەتلىرى بۇ مىس قازانلارنىڭ ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، مىس قازانلار بەلكىم دىن بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە بىر خىل ئەھۋالمۇ بۇ نۇقتىنى دەلىللەيدۇ: بارلىق مىس قازانلار قەستەن ئۇرۇپ سۇندۇرۇلغان ياكى بۇزۇۋېتىلگەن. ھەمدە باشقا ھەمدەپنە بۇيۇملىرى بىلەن بىرگە قويۇلغان. كىشىلەرنىڭ قىياس قىلىشىچە، ھۇنلار دەپنە مۇراسىمىدىن كېيىن بىر قېتىم مەرىكە ئۆتكۈزۈپ، بۇ مىس قازانلاردا تائام تەييارلىغان بولۇشى مۇمكىن. سۇنۇق پارچىلىرى مەرىكە ئاياغلاشقاندىن كېيىن قازانلارنىڭ قەستەن چېقىۋېتىلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئەمما، ئارخېئولوگلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە.

## سىرلىق قوراللار

ياۋروپالىقلار تۇنجى قېتىم ھۇن چەۋەندازلىرىنى كۆرگەندە، ئۇلارنىڭ ئات بىلەن بولغان شۇ قەدەر ئىجىللىقىدىن قاتتىق ھەيران قالغان. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇلار ئادەم بىلەن ئاتنىڭ ئۇنچىلىك ماسلىشالايدىغانلىقىنى بىلمەيدىكەن. رىملىق بىر تارىخشۇناس: «ھەتتا يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى ئادەم تەنلىك ئاتمۇ ئۇلار (ھۇنلار) دەك ئات بىلەن مەھكەم باغلانغان ئەمەس» دەپ يازغان. ھۇنلار كې-



چىكىدىن باشلاپ ئات مىنىپ، ئۆمرىنىڭ تولىسىنى ئات ئۈستىدە ئۆتكۈزگەن. ھازىر ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرقىي ئاسىياغا بارغان كىشىلەر ئاتنىڭ ھۇنلار دەۋرىدىكىدەك كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر تۇرمۇشىدا مۇھىم رول ئويناۋاتقانلىقىنى بايقايدۇ. ھەتتا تۆت-بەش ياشلىق باللارمۇ چوڭلارنىڭ ياردىمىسىز ئاتقا مىنىپ-چۈشەلەيدۇ. ئۇلار ئاتتا چىڭ ئولتۇرۇپ ئۇزۇن يوللارنىمۇ باسالايدۇ.

ھۇنلار بىلەن زاماندىش كىشىلەر ئۇلارنىڭ ئاتلىرىنى ۋىجىك، كۆرۈمسىز، تۈكلىرى پاخپايغان ھالەتتە تەسۋىرلىگەن. بۇ ئاتلار ئەسلىدە ئىپتىدائىي ياۋا ئاتلاردىن كۆندۈرۈۋېلىنغانلىرى بولۇپ، ئەڭ ئاخىرقى بىر تۈركۈم ياۋا ئاتنىڭ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە نەسلى قۇرۇغان. ھازىر ياۋروپادىكى بەزى ھايۋاناتلار باغچىسىدا بۇنداق ئاتلاردىن بىرقانچىسى بېقىلىۋاتىدۇ. نۆۋەتتە گېرمانىيەنىڭ ئەمسىران رايونىنىڭ دىلمە دېگەن جايىدىكى بىر دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانىدا بۇنداق كىچىك ياۋا ئاتلار بېقىلماقتا. ئۇلار كېيىنچە موڭغۇلىيە يايلاقلىرىغا ئاپىرىپ قويۇپ بېرىلمەكچى.

ئېگەر بولسا ئادەم بىلەن ئاتنى تامامەن بىرلەشتۈرىدىغان ھالقا. ھۇنلارنىڭ ئۆزگىچە ئات ئېگىرى رىملىقلارنى ھەيرەتتە قالدۇرغان. ئۇلارنىڭ ئېگىرى رىملىقلارنىڭكىدەك ئاتنىڭ تۆشىگە تارتىلىدىغان كۆندىن ياسالغان بولماستىن، ئىككى بېشى ئېگىز ياغاچ كۆتۈرگۈچلۈك بولۇشى بىلەن باشقا ئېگەرلەردىن پەرقلىنىدۇ. بۇنداق ئېگەردە ئولتۇرغان چەۋەنداز ئات ھەرقانچە چاپسىمۇ، مەھكەم ئولتۇرال-

لايدۇ . بۇگۈنكى كۈندىمۇ ئاسىيا يايلاقلىرىدىكى چارۋىچىلار
يەنىلا مۇشۇ پىرىنسىپ بويىچە ئېگەر ياسايدۇ . ئەكسىچە،
رىملىقلارنىڭ ئاتقا مىنىش جەھەتتىكى قوپاللىقى تۈپەيلى-
دىن نۇرغۇن چەۋەندازلار دائىم جەڭدە تەڭپۇڭلۇقىنى يوقى-
تىپ، ئاتتىن چۈشۈپ كېتىدىكەن . بۇ ئادەتتە ناھايىتى
خەتەرلىك بولۇپ، بەزىدە ھەتتا جېنىدىن ئايرىلىدىكەن.
ئامىيانوس مۇنداق يازىدۇ : «ھۇنلار...... تاغدىن قۇيۇن
كەلگەندەك شۇنداق تېزلىك بىلەن باستۇرۇپ كېلىپ ، بى-
رەرسى بايقاپ بولغۇچە قارارگاھلارنى ئىگىلىۋالىدۇ».

ھۇنلارنىڭ ئاتلىرى قاۋۇل ھەم چىدامىلىق ، بوغۇزلۇق
كېلىدۇ. قىش كۈنلىرى قار ئاستىدىن ئوزۇق تېپىپ
يېيەلەيدۇ. بۇمۇ ھۇن ئاتلىرىنىڭ بىر ئارتۇقچىلىقى. رىم-
لىقلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلارغا باشقىچە چىقمىمۇ
كەتمەيدۇ. يىل بويى ئىشلىتىلىشكە تەييار تۇرىدۇ. ھۇن-
لاردا نۇرغۇن زاپاس ئات بولىدۇ. مۆلچەرلىنىشىچە، ھەر-
بىر ھۇن ئەسكىرىدە يەتتىدىن زاپاس ئات بولىدىكەن.
ۋېنگرىيەدە بىر بىر چەۋەندازغا بىرلا ۋاقىتتا ئالتە ئاتنى
ھەيدىتىپ باققان. ئات مىنىشكە ئۇستا ئادەم ئۈچۈن ئېيت-
قاندا، بىرلا ۋاقىتتا شۇنچە كۆپ ئاتنى ھەيدەشتە چەۋەندازغا
قانچىلىك يۇقىرى تەلەپ قويۇلىدىغانلىقىنى بىلمەي قالمايدۇ.

ئېگەردىن باشقا، ھۇنلار يەنە ئاسىيادىن ئەينى چاغدا
ئىنقىلاب خاراكتېرلىك بىر خىل يېڭىلىق ئېلىپ كەلگەن،
ئۇ بولسىمۇ ياۋروپالىقلار كۆرۈپمۇ باقمىغان ئۈزەڭگىدۇر.
ئاتلىق ئوزۇن يول يۈرگەندە پۇت تېلىپ كېتىشىنىڭ ئالدى-
نى ئېلىش ئۈچۈن ، كىشىلەر ئېگەرگە بوغقۇچ ، تاسما ياكى



چىگىدىن ئېشىلگەن پۇتلۇق چىگىپ قويغان. بۇنىڭ بىلەن
ئات ئۈستىدە دەسسەپ ئولتۇرۇشقا يەر ھازىرلانغان. ئامى-
يانوس «ئۇلارنىڭ ئۆچكە تېرىسى بىلەن تۇكلۇك پۇتىنى
يۆگىۋالغان» لىقىنى سۆزلەيدۇ.

ياغاچ ياكى تۆمۈردىن ياسالغان ئۈزەڭگە 5- ئەسىرنىڭ
ئوتتۇرىلىرىدا ھۇنلار دەۋرى ئاخىرلىشاي دېگەندە ئاندىن
مەيدانغا كەلگەن. گەرچە ئەينى چاغدا بۇ خىل ئۈزەڭگە ئانچە
مۇكەممەل بولمىسىمۇ، لېكىن چەۋەندازلارغا بىخەتەرلىك
تۇيغۇسى بېرىش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ ئات ئۈستىدە ئۆرە
تۇرۇپ ھەر تەرەپكە بۇرۇلالىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەر-
گەن. ياغاچ ئېگەر ۋە ئۈزەڭگە بولغاچقا، ھۇن چەۋەندازلار
ئاتقا مىنىپ تۇرۇپ ھەر تەرەپكە ئوق ئاتالىغان.

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2- ئەسىردە تەڭرىقۇت موتۇن
«ھۇن» قەبىلىلىرىنىڭ بىرلەشمە گەۋدىسىنى «ئوقياچى
مىللەت» دەپ ئاتىغان. ئۇلارنىڭ ئاجايىپ قورالى ئۆزگىچە
لايىھەلەنگەن يا بىلەن يېڭىچە ئوق بولۇپ، يا ئېلاستىكلىقى
بار ياغاچتىن ياسىلىپ، ئوتتۇرىسىدىن ئىككى بېشىغا قا-
راپ ياي شەكلىدە ئېگىلگەن.

يانىڭ ئىككى بېشى ۋە ئوتتۇرىسى تۈز سۆڭەك بىلەن
مۇستەھكەملەنگەن. يانىڭ ئىككى بېشىدىكى تىرنگۈچ كى-
رىچىنى چىڭىتىپ، ياغاچتىكى كېرىلىش كۈچىنى
شەكىللىك ئىككى ياغا يۆنەلدۈرگەن. «يۇمىلاق» يانىڭ
كېرىلىش كۈچى چەكتىن ئېشىپ كەتكەندە ئېگىلىپ كې-
تىپ ئېلاستىكلىقىنى يوقىتىدۇ. ھۇنلارنىڭ يانىڭ كې-
رىلىش كۈچى ئىككى قىسقا ھەم ئېلاستىكلىقى ئۆزئارا

تەسىر كۆرسىتىدىغان رادىياندىن بارلىققا كەلگەن. قولدا
تۇتىلدىغان يەردىن كىرىچتىكى ئوقنى قويىدىغان يەرگىچە
بولغان ئارىلىق بەك قىسقا بولغاچقا، يانىڭ يۇقىرى قىسمى-
دىكى رادىيان تۆۋەن قىسمىدىكىدىن چوڭراق بولىدۇ. بۇنى-
داق بولغاندا، ئوقياچىلار تېخىمۇ ئەركىن ھەرىكەتلىنىش
ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايدۇ. بۇنداق يا شەكلىگە قاراپ
«بىنسىمېترىك يا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ئارخېئولوگلار بىر قىسىم ھەمدەپنە بۇيۇملىرى ئارى-
سىدىن ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىر كەلگۈدەك بىرقانچە يانى
تاپقان، بەزىلىرىنىڭ سۈپىتى ناچار بۇيۇملار بولسىمۇ،
ئەسلىدىكى قىممىتى بار بۇيۇملار بولمىغاچقا، ئۇلارنى ۋا-
كالىتەن ھەمدەپنە قىلىنغان ئىكەن. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن
ھۇنلار ئانا يۇرتىدىن بارغانسېرى يىراقلاپ كەتكەن. ئاسى-
يادىن كېلىدىغان تەمىنات كېلىپ بولالمىغانلىقتىن، قو-
شۇنىنىڭ جەڭگىۋارلىقى تەسىرگە ئۇچرىپلا قالماي، بۇنداق
يانى ياساشقا كېرەكلىك ماتېرىياللارنى تېپىشمۇ تەسكە توخ-
تىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنى ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئۇس-
تىلارلا ياسىيالايدىغان بولغاچقا، بۇنداق يا ئازلاپ كەتكەن-
سېرى، ئۇنىڭ قىممىتىمۇ ئاشقان.

ھۇنلار ئوقنىمۇ ئاسىيادىن ئېلىپ كەلگەن. ئوقنىڭ
دەستىنىسىگە ئالاھىدە تۆشۈك ئېچىلغان بولۇپ، ئاتقان ئوق-
تىن ئوخشىمىغان ئاۋازلار چىققان. مۇشۇنداق ئۇسۇل بى-
لەن ھۇنلار جەڭلەردە دۈشمەن ئۇقمايدىغان بۇيرۇقلارنى
يەتكۈزگەن. ئوق بېشى تۆمۈردىن ياسالغان بولۇپ، ئۈچ
قىرلىق، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 60 سانتىمېتىر كېلىدۇ.



ئوقنىڭ تېشىپ ئۆتۈش كۈچى جان ئالغۇدەك دەرىجىدە
بولۇپ، بۇنداق ئوقنى ياۋروپالىقلار شۇ چاغقىچە ئۇچرىتىپ
باقمىغان. بۇ ئوقلار رىم لەشكەرلىرىنىڭ بىلىق قاسىرىقى-
سىمان ساۋۇتلىرىنى قەغەز تەشكەندەك تېشىۋەتكەچكە،
رىملىقلار ئىنتايىن قورقۇپ كەتكەن. ھۇنلار ئوقياسى بى-
لەن 60 مېتىر يىراقلىقتىكى نىشانغا دەل جايىدا تەگكۈزە-
لەيدىكەن. شۇڭا، دۈشمەننىڭ قىلىچۋازلىرى، نەيزىۋازلى-
رى ۋە ئەنئەنىۋى ئوقياچىلىرى ھەمىشە ھۇنلارنىڭ ئوقيا-
چىلىرى ئالدىدا ئامالسىز قالىدىكەن. بۇنداق ھەربىي ئەۋ-
زەللىك بىلەن ھۇنلار ھەممىلا يەردە غەلىبە قىلىۋەرگەن.

ھەربىي جەھەتتىكى بۇنداق ئەۋزەللىككە ئىگە ھۇنلار-
نىڭ تۇساتتىن ياۋروپا چېگرىسىدا پەيدا بولۇشى، ياۋروپا-
لىقلارنى بىردىنلا ئاخىر زامان يېتىپ كەلگەندەك ساراسى-
مىگە چۈشۈرۈۋەتكەن. ياۋروپالىقلار بۇنداق ئۇرۇش قى-
لىش ئۇسۇلىغا ئامالسىز قالغان. قەدىمدىن قالغان يۈزمۇ-
يۈز ئېلىشىپ كۈچلۈكلەر غەلىبە قىلىدىغان ئۇرۇش قى-
لىش ئۇسۇلى بولسا ھازىر ئاقمايدىغان بولۇپ قالدى.

رىملىقلاردىن ئۇرۇشتا ئۆلۈۋاتقانلار بارغانسېرى كۆ-
پىيىپ كەتكەچكە، ئۇلار تەدبىر قوللىنىپ، لەشكەرلەرگە
قولقۇپلۇق ساۋۇت كىيدۈرگەن. لېكىن، بۇ يېڭىچە مۇداپى-
ئە كىيىمى ھەربىي يۈرۈشتە ۋە جەڭدە تولىمۇ قولايسىز
بولغان. گەرچە لەشكەرلەرنىڭ زەخىملىنىش نىسبىتى تۆ-
ۋەنلىگەن بولسىمۇ، ئەركىن ھەرىكەت قىلالمىغاچقا، تازا
ئوبدان ئۇرۇش قىلالمىغان.

ھۇنلارنىڭ ئۇرۇش ئىستراتېگىيەسى ئىنتايىن مۇھىم

غەلىبىلەرگە ئېلىپ بارغان. كىچىك كۆلەمدىكى
500—1000 كىشىلىك سەرخىل قوشۇن مىڭ - مىڭ ئوقيا-
نىڭ ھىمايىسىدە ھەر تەرەپتىن بىرلا ۋاقىتتا دۈشمەنگە
ھۇجۇم قىلىدىكەن. ناۋادا دۈشمەنلەر توپلىنىپ جەڭگە
كىرسە، ھۇنلار يالغاندىن يېڭىلگەن بولۇپ قېچىپ، دۈش-
مەننى ئۆزىنى قوغلاشقا قىزىقتۇرىدىكەن. بۇ ۋاقىتتا يېقىن
ئەتراپتا مۆكۈپ ياتقان ئوقياچىلار ئوق ياغدۇرىدىكەن، ئۇ-
لارنىڭ ئوقىدىن ناھايىتى ئاز ساندىكى دۈشمەنلەرلا ئامان
قالىدىكەن. يالغاندىن قاچقان بايىقى چەۋەندازلار بۇ چاغدا
جەڭگە كىرىپ، دۈشمەننىڭ بارگاھىغا ھۇجۇم قىلىدىكەن.
5- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ياشىغان يۇنانلىق تارىخشۇناس
سوشىمۇس «يېڭى تارىخ» دېگەن ئەسىرىدە ھۇنلارنىڭ مۇ-
شۇنداق جەڭ قىلىش تاكتىكىسى ھەققىدە خاتىرە قالدۇر-
غان. ھۇنلار تاكتىكىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئۇلار
ئاۋۋال قاچىدۇ، ئەمما ئارقىدىنلا «...... يان تەرەپتىن رە-
قىبىگە ئۇچقۇر چېكەتكىلەردەك مىڭ-مىڭ ئوق ياغدۇرىدۇ،
ئۇلاپىلا بىر مەيدان قانلىق قىرغىنچىلىق يۈز بېرىدۇ.»
كىمكى ھۇنلارنىڭ ئوقىدىن ئامان قالغان بولسا، ئۇ
ھون چەۋەندازلىرىنىڭ قوش بىسلىق ئۇزۇن قىلىچىدىن
ئاگاھ بولۇشى كېرەك. ئارخېئولوگىيەلىك نۇرغۇن بايقاش-
لار ئارقىلىق، ھازىر بىز بۇنداق ئۇزۇن قىلىچ بىلەن
تونۇش بولۇپ قالدۇق. قىلىچنىڭ دەستىسى ئادەتتە ئالتۇن
بىلەن نەقىشلىنىدۇ ھەم ئادەتتىكى تەبىئىي ياقۇتلاردىن
كۆز قويۇلىدۇ. ھۇنلارنىڭ ئوقياسىغا ئوخشاش، بۇنداق
قوش بىسلىق قىلىچمۇ ياۋروپالىقلارنىڭ قىلىچىدىن ئې-



شىپ چۈشىدۇ. ئۇنىڭ ئوخشىمايدىغان يېرى شۇ يەردىكى،
قىلىچنىڭ تۇتقۇچىدا قول توسقۇچ بار بولۇپ، دۈشمەن بى-
لەن ئېلىشقاندا، ھۇن جەڭچىسىنىڭ قولىنى قوغدىيالايدۇ.
ئۇرۇش ھۇنلار ئۈچۈن ئېيتقاندا خىزمەتتۇر، ئات
بولسا ئۇلارنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنى. ئۇلار ھەم ئۆزى
ئۈچۈن، ھەم باشقىلار ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدۇ. ئۆزى
ئۈچۈن ئۇرۇش قىلغاندا، ئۇلار يېزا - قىشلاق، ئۆي -
ماكان، چېركاۋ ۋە شەھەرلەرگە ھۇجۇم قىلىپ بۇلاڭ-
تالاڭ ئېلىپ بارىدۇ، كۆتۈرەلىگۈدەك نەرسىلەرنىڭ ھەم-
مىسىنى ئامال قىلىپ ئېلىپ كېتىدۇ. باشقىلار ئۈچۈن
ئۇرۇش قىلغاندا، ياللانما قوشۇن بولۇش سالاھىيىتى بى-
لەن ئۆزىنىڭ باھاسىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۆستۈرىدۇ.
ئۇلارنىڭ جېنىنى ئالىقانغا ئېلىپ قويۇپ باشقىلار ئۈچۈن
ئۇرۇش قىلىشى ھەرگىزمۇ سىياسىي مەقسەت ئۈچۈن بول-
ماستىن، بەلكى پۇل ئۈچۈندۇر. ئۇلار ئۈچۈن ئېيتقاندا،
ئۇرۇشنى كىمنىڭ نامىدا قىلىسا ئوخشاش.
بۇ ھەرگىزمۇ ھۇنلار پەقەت ئۇرۇشقا تايىنىپلا جان
باقىدۇ دېگەنلىك ئەمەس. ئۇلار يەنە ئات سودىسى قىلىپ
نۇرغۇن پايدا ئالىدۇ. ئۇلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئات بەلكىم
بىر دىنبىر، شۇنداقلا ئەڭ مۇھىم ئېكسپورت تاۋىرى بولسا
كېرەك. ئۇرۇش مەزگىلىدە ئات سودىسى قىلغانلارنىڭ
ئېغىر جازالىنىدىغانلىقىدىن قارىغاندا، ئاتنىڭ ھۇنلار ئۈ-
چۈن نەقەدەر مۇھىملىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. دۈشمەن-
لەرنىڭ ئاتلىق قوشۇنى ھۇنلارنىڭ ئاتلىرىنى ئىشلىتىشكە
بولمايدۇ.

بۇ غەلىتە ھۇنلارنىڭ باشقىلاردىن ئەڭ پەرقلىنىدىغان يېرى شۇكى ، ئۇلار ئىگىلىۋالغان زېمىننى قوغداپ قېلىشنىڭ كويىدا بولمايدۇ . ئۇلار ھەرگىزمۇ ئۆزى تېرىقچىلىق قىلىش ئۈچۈن دېھقانلارنى ئېتىزلىقىدىن قوغلاپ چىقارمايدۇ . شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئارامبەخش ئۆيىنى ئىگىلىۋېلىش ئۈچۈن ئۇلارنى شەھەردىن قوغلىمايدۇ . ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئېرىشىش ئۈچۈنمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ھۆكۈمەتنى تارقىتىۋەتمەيدۇ . ئۇلار شەپقەتسىزلەرچە بۇلاپ ـ تالاپ ، قىرغىنچىلىق قىلىدۇ ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار بولسا ، ئۇلارنىڭ نېمىشقا مۇشۇنداق قىلىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيدۇ . شۇڭا ، ئۇلار كىشىلەر بىلىدىغان ھەممە دۈشمەنلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ قورقۇنچلۇق . پېشۋا پوپلار بۇنىڭدىن ساراسىمىگە چۈشۈپ ، ئاخىر زاماننىڭ بېشارىتىدە تەسۋىرلەنگەن چەۋەندازلار ئەمدى كەپتۇ ، ھۇنلار جازالىغۇچىلار كەن ، بۇ دېگەن «تەڭرىنىڭ جازاسى» دەپ ئويلاپ قېلىشقان . ھالاكەتلىك كۈنلەر يېقىنلاشقاندا ، ئاۋگوستىنۇس : «دۇنيا ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالدى ، پات ئارىدا يوقالغۇسى» دەپ يازغان .

## ئاتنىڭ بېلىگە خام گۆش قىستۇرۇش

ھۇنلار ياۋروپا چېگراسىدا پەيدا بولغاندىن تارتىپ ئۇلار ھەققىدە سانسىزلىغان رىۋايەتلەر تارقالغان . بەزىلەر ھۇنلار دۈشمىنىنىڭ باش سۆڭىكىنى قەدەھ قىلىپ شاراب ئىچەرمىش دېسە ، يەنە بەزىلەر ئۇلار قېرىلارنى ئۆلتۈرەرـ



مىش ، ئوقىنى ئۇرۇش باشلاشتىن ئىلگىرى ھامىلە قايناتقان شورپىغا چىلاپ قويارمىش ، ئۇلار بالىلارنىڭ گۆشىنى يەپ ، ئاياللارنىڭ قېنىنى ئىچەرمىش . ئۇلار كېچە ـ كۈندۈز ئاتتا يۈرەرمىش ، ھەتتا ئاتقا مىنىپ ئۇخلارمىش ، ئۇلارنىڭ پۇتى يىگىلەپ كەتكەنلىكتىن ، يول ماڭالمىغۇدەكمىش ، دېيىشىدۇ . ئامىيانوس : «جاپالىق تۇرمۇش ئۇلارنى چېنىقتۇرغان . ئۇلار ئەزەلدىن يېمەكلىكلەرنى پىشۇرۇپ يېمەيدىكەن ، نازۇنېمەتلەرگىمۇ بىھاجەت ئىكەن . ياۋا كۆكتاتلارنىڭ يىلتىزى ۋە ھەرقانداق ھايۋاننىڭ گۆشىنى خام يەيدىكەن . گۆشنى ئۆزىنىڭ يوتىسى بىلەن ئاتنىڭ دۈمبىسى ئارىسىغا قىستۇرۇپ ئىسسىتىدىكەن» دەپ يازغان . ھۇنلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتى ھەققىدە كەڭ تارقالغان سۆز ـ چۆچەكلەر ئۇنىڭ ھەقىقىي يادروسى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن . ھۇنلار يا ئاتنىڭ دۈمبىسىدىكى ياغاچ ئېگەر يېغىر قىلىۋەتكەن يەرنى تېزرەك ساقايتىش ئۈچۈن ئاتنىڭ دۈمبىسىگە خام گۆش قىستۇرغان ياكى شامالدىتىپ قۇرۇتۇش ئۈچۈن گۆشنى يېنىدا ئېلىپ يۈرگەن . ھازىرمۇ بەزى يايلاق قەبىلىلىرى شامالدىتىپ قۇرۇتۇش ئۇسۇلى بىلەن قىشلىق يېمەكلىكلىرىنى ساقلايدۇ .

ھۇنلار يەنە پىسخىكىلىك ئۇرۇش قىلىشنىڭ مۇتەخەسسىسى . ھۇنلار بىلەن زاماندىش كىشىلەرنىڭ خاتىرىسىگە قارىغاندا : «ئۇرۇشتا دۈشمىنىنى قورقۇتۇش ئۈچۈن ھۇنلار يۈزىدىكى پىچاق بىلەن تىلىۋېتىشتىنمۇ يانمايدىكەن» . بىلەك ۋە مۇرىسىگە ھەر خىل گۈللەرنى چېكىتىۋېلىپ ، ئۈستىگە ھايۋانات تېرىسىنى يېپىنىۋالىدىكەن . ئوقـ

دانغا بولسا قىپقىزىل ئوقلارنى سېلىپ قويىدىكەن . سۆ-
ڭەك ۋە مۈڭگۈزلەرنى ئېسىۋالىدىكەن . بەلبېغىغا رەڭگا-
رەڭ ياغلىقلارنى چىگىپ ، كىيىملىرىگە باغلىۋالىدىكەن .
چاچلىرىنى خورما رەڭ بوياپ ، چېچىنى پاخپايتىۋالىدىكەن
ياكى ئۆرۈۋالىدىكەن ھەمدە چېچىنىڭ بىر قىسمىنى چۈشۈ-
رۈۋېتىپ ، كىشىنىڭ تېنى شۈركەنگۈدەك ھۆركىرىگىنىچە
دۈشمەنگە ئېتىلىدىكەن .
بۇنىڭدىن باشقا رىۋايەتلەردە ، ھۇنلار ئاۋۋال ئۆزىنىڭ
مەڭزىنى تىلىپ ، كېيىن يەنە تىكىپ قويىدىكەن ، بۇنىڭ
بىلەن ئۇلارنىڭ ئەسلىدىلا شالاڭ ساقىلى تاتۇقلار ئارىسى-
دىن كۆرۈمسىز ئۆسۈپ چىقىدىكەن . گوت تارىخشۇناسى
جوردانس : «ئۇلارنىڭ تېرىسى بەك قارا ، يۈزىنىڭ شەكلى
غەلىتە ، كۆزىنىڭ ئورنىدا ئىككى قارا تۆشۈك بار ، بۇرنى
پاناق ، يۈزىنىڭ ھەممە يېرى تاتۇق» دەپ يازغان . يۇنانلىق
تارىخشۇناس سوشمۇس : «ئۇلار مايمۇنغا ئوخشاپ كېتىدى-
كەن» دەپ قارايدۇ . كرىمۇننىڭ ئېپىسكوپى سىدونۇس :
«ھۇنلارنىڭ يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلىرىنىڭ چىرايىمۇ بەك
قورقۇنچلۇق ئىكەن ...... ئۇلار بۇرنىنى مەڭزىدىن ئېگىز-
رەك يوغىناتمايدىكەن . چوڭ‍ىيىپ جەڭ قىلغاندا يۈز دۇبۇل-
غىسى كىيىش ئۈچۈن ، بۇرنىنى لاتا بىلەن تېڭىپ ، ئېگىز-
لەپ كېتىشىنى توسىدىكەن . بۇنداق ئەھۋالدا بالىنىڭ ئۆز
ئانىسىلا يۈزەك پارىسىنىڭ يۈزىنى بۇزۇۋېتىدىكەن ......»
دەپ تەسۋىرلىگەن . ئۇ ياش ۋاقتىدا گالىلىيەدە ھۇنلار بىلەن
بولغان ئۇرۇشتا ھۇنلارنىڭ جەڭ قىلىش ئۇسۇلىنى ئىگە-
لىگەن . ئۇ يەنە ھۇن بالىلىرىنىڭ بۇرنى بېسىپ تۇزلىنى-



دىكەن ، شۇنداق بولغاندا ، دۇبۇلغا بېشىدىن چۈشۈپ كەت-
مەسمىش ، دەپ تولۇقلىما قىلغان .
بۇنداق تەسۋىرلەش رىملىقلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىتتىپاق-
داشلىرىنى سارا سىمىگە سالغان . ئېنىقكى ، بۇنداق ئارتۇق-
چە مۇبالىغىلىق تەسۋىرلەشلەر كىشىلەرنىڭ يات مىللەت-
لەرگە بولغان ۋەھىمىلىك تۇيغۇسىنى قوزغاش ئۈچۈن بو-
لۇپ ، بۇ يات مىللەتلەر بولسا پات ئارىدا ھۆكۈمرانلىق
ھوقۇقىنى تارتىۋالاتتى . رىمدا ھۇنلارنىڭ بېسىپ كىرىشى-
دىن قورقۇپ ئۇرغۇن كىشىلەردە ئىستېرىيەلىك كەيپىيات
پەيدا بولغان .
يەنە بىر جەھەتتىن ، رىملىقلار ئاسىيالىقلارنىڭ پا-
كار ، دوغىلاق بوي - بەستى ۋە ئادەتتىكىچە يۈز قۇرۇلمى-
سىدىن بارا - بارا ياتسىرىمايدىغان بولغان . رىملىقلار ئەل-
چىلەرنىڭ زىيارىتى ئارقىلىق ئالانلار ۋە كىچىك ئاسىيا
ھەم پېرسىيەدىكى بىر قىسىم كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر
بىلەن تونۇشقان . ئەينى چاغدىكى چەت ئەللىكلەرنى قۇل
قىلىش مودىسىمۇ رىمدىكى كۆپ خىل مىللەتلەرنىڭ سىڭى-
شىشىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىغان .
ھۇنلارنىڭ ياۋروپادىكى تەسىرى چوڭايغانسېرى ، كى-
شىلەر ھەتتا ئۇلارنىڭ گۈزەللىك قارىشىنىمۇ قوبۇل قىل-
غان . موڭغۇلىيەدىن فرانسىيىنىڭ غەربىگىچە تارقالغان
ھۇنلارنىڭ قەبرىسىدىن ئارخېئولوگلار ئالاھىدە بىر ھادى-
سىنى بايقىغان : جەسەتنىڭ بېشى نورمال شەكىلدە بولماس-
تىن ، چېكە ۋە پېشانىسىدىن سىقىلغاندەك ئېنىق ئىزنى
بايقىغان . يۈزىدىكى قورۇقلار باشنىڭ سۆڭىكىگىچە سو-

زۇلغان . سەۋەبى ناھايىتى ئېنىقكى : باشنىڭ سۆڭىكى سو-
زۇلغاچقا ، باشنىڭ شەكلى ئۆزگىرىپ كەتكەن . ئارخېئو-
لوگلار بۇنى «مۇنارسىمان باش سۆڭىكى» دەپ ئاتاشقان .
كىشىلەر يەنە بۇنداق سۈنئىي غەيرىي شەكىلنىڭ قانداق
پەيدا بولغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن . بوۋاقلارنىڭ باش سۆڭە-
كى يۇمشاق بولۇپ ، ئۆسۈش مەزگىلىدە تۆرۈۋاتقاچقا ،
كىشىلەر لاتا ياكى پوتا بىلەن بوۋاقنىڭ بېشىنى بوغۇپ
قويغان ، بۇنىڭ بىلەن باش سوزۇنچاق چوڭايغان .

ئېينى چاغدا ھۇنلار ئىگىلىگەن رايونلاردا پەقەت ئاق-
سۆڭەكلەر ۋە بەگلەرنىڭ بېشى مۇشۇنداق ئۆزگەرتىلگەن
بولۇپ ، بۇ تۆۋەن قاتلامدىكىلەر بىلەن پەرقلىنىدىغان بىر
خىل ئىجتىمائىي بەلگە ئىكەن ، ھەتتا گېرمانلار رايونىدىكى
تىرىنگېن ۋە ئودىنۋالدىدىمۇ بۇنداق يېڭىچە مودىنىڭ ئىسپا-
تى تېپىلغان . ياۋروپالىقلارنىڭمۇ بۇنداق سىرتتىن كەلگەن
مودىنى ئۆگىنىشى ھونلارنىڭ بويسۇندۇرغان رايونلاردا نە-
قەدەر ئېتىبارغا ئېلىنغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ .

## ئۇزاققا سوزۇلغان بۈيۈك مىللىي كۆچۈش

بۈيۈك مىللىي كۆچۈش ئېلىپ بارغان ھۇن قەبىلىلە-
رى ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ ، بىرى «ئاق
ھۇنلار» (ئېفتالىتلار) دەپ ئاتالغان ، ئۇلار كاۋكاز تاغ
تىزمىلىرى ۋە قەدىمكى پېرسىيەنىڭ شىمالىنى ماكان تۇت-
قان ھەم ئۇ يەرلەرگە نەچچە يۈز يىل ھۆكۈمرانلىق قىل-



غان . يەنە بىرى قارا ھۇنلار بولۇپ ، ئۇلارنىڭ تېرىسى
ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىيىپ كەتكەن ، ئۇلار ئاق ھۇنلاردىنمۇ
قارا بولۇپ ، ئورال تاغ تىزمىسىنىڭ غەربىي قاپتاللىرىدىن
كەلگەن . 374 - يىلى قارا ھۇنلار ئاتامانى بالامىرنىڭ
يېتەكچىلىكىدە ۋولگا دەرياسىدىن ئۆتۈپ ، ۋولگا دەرياسى
بىلەن دون دەرياسى ئارىلىقىدىكى ئالانلارغا تۇيۇقسىز ھۇ-
جۇم قىلغان .

ئالانلارمۇ ئات مىنىپ يۈرىدىغان كۆچمەن چارۋىچى
مىللەت بولۇپ ، ئۇلار ھۇنلارنىڭ غەربكە تاجاۋۇز قىلىپ
ماڭغان سەپىرىدە تۇنجى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلاردۇر .
ئۇلارنىڭ نەيزە ۋە قىلىچى ھەرقانچە قىلسىمۇ ھۇنلارنىڭ
قورالىغا تەڭ كېلەلمىگەن . ئالان خانلىقى ئاسىيانىڭ غەربى
ۋە ياۋروپانىڭ شەرقىگە جايلاشقانلىقتىن ، ئوخشىمىغان مە-
دەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىگە ئىگە ئىككى دۆلەت — جۇڭگو
بىلەن رىم تارىختا تۇنجى رەت بۇ ۋەقەنى ئۆز دۆلىتىنىڭ
سالنامىسىگە كىرگۈزۈپ ، رۇسىيەنىڭ جەنۇبى ۋە ئىراد-
نىڭ شىمالىغا جايلاشقان بۇ خانلىقنىڭ ھالاك بولۇش جەر-
يانىنى تولۇق خاتىرىلىگەن .

بۈيۈك مىللىي كۆچۈشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ، قې-
چىپ چىققان ئاز ساندىكى ئالانلار جەنۇبە كۆلىدىن ئۆتكەن .
كېيىن ئالانلار بىلەن ۋانداللار شىمالىي ئافرىقىدا بىر مەز-
گىل قۇدرەت تاپقان «ۋانداللار ۋە ئالانلار خانلىقى»نى
قۇرغان . لېكىن ، كۆپ ساندىكى ئالانلار ياۋروپا بىلەن
ئاسىيا تۇتاشقان جايدا قالغاچقا ، ھۇنلارغا باش ئەگكەن .
ئىلگىرى دۇشمەنلىشىپ ئۆتكەن كۆچمەن چارۋىچى

مىللەتلەر ئۇزاق ئۆتمەيلا ئىتتىپاقداشلاردىن بولۇپ قالغان، هۇنلار بىلەن ئالانلار بىرلىشىپ دنېپر دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى شەرقىي گوتلارغا هۇجۇم قىلغان. گوتلارنىڭ ياشىنىپ قالغان پادىشاھى ئېرماناريه ئۆز ۋاقتىدا رۇسىيەنىڭ شىمالىدىن قىرىم يېرىم ئارىلىغىچە بولغان گېرمان رايونىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن داھىي بولسىمۇ، مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن دۈشمەن ئالدىدا كۆرەشتىن ۋاز كېچىپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان.

قارا هۇنلار ۋولگا دەرياسىدىن ئۆتۈپ 12 ئايدىن كېيىن، يەنى 375 - يىلى ۋەزىيەتتە كومېدىيەلىك ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن. شەرقىي گوتلار غەربكە قېچىش بىلەن بىرگە، ئەسلىي دنېپر دەرياسى بىلەن بالتىق دېڭىزى بويىدىكى ئۈچ دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئۆلتۈراقلاشقان قېرىندىشى بولمىش غەربىي گوتلارنى دوناي دەرياسىغىچە سۈرۈپ بارغان. ئارخېئولوگلار غەربىي گوتلاردىن قالغان مەھەللە، قەبرە ۋە ئۇلارنىڭ يوشۇرۇپ قويغان ئالتۇن - كۈمۈش مال - دۇنياسىغا ئاساسلىنىپ، ئۇلارنىڭ قېچىش يولىنى تەسۋىرلىگەن. خۇددى ئالانلار هۇنلاردىن يېڭىلىپ قالغاندەك، شەرقىي گوتلارنىڭ ئادىمى كۆپ، كۈچى زور بولسىمۇ، هۇنلارنىڭ هۇجۇمىنى توسۇيالماي، ئاخىر باش ئېگىشكە مەجبۇر بولغان. ئۇلار دنېپر دەرياسى قىرغىقىدىن قوغلىنىپ، ئاخىر رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ چېگرىسىغا كەلگەن. غەربىي گوتلار بولسا هۇنلار، ئالانلار ۋە شەرقىي گوتلارنىڭ بىرلىشىپ ئۆزىگە قورشاپ هۇجۇم قىلىشىدىن قورقۇپ، هايات قېلىشنىڭ بىردىنبىر پۇرسىتى — رىم



ئىمپېرىيەسىنىڭ ئىجازىتىنى ئېلىپ دوناي دەرياسىدىن ئۆتۈۋېلىشنىڭ كويىدا بولغان. بولمىسا ئۇلارنى بىر مەيدان چوڭ قىرغىنچىلىق كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئىلتىجاسى ئىجازەتكە ئېرىشىپ، غەربىي گوتلار 376 - يىلى رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ تېررىتورىيەسىگە كىرگەن ۋە ئۆزىنىڭ زېمىنىنى هۇنلارغا ئۆتۈنۈپ بەرگەن. ۋاھالەنكى، ئۇلار هۇنلار بىلەن بولىدىغان ئۇرۇشنىڭ يەنە ئىككى ئەۋلاد داۋاملىشىدىغانلىقىنى تېخى بىلمەيتتى. شۇنداق قىلىپ هۇنلار شەرقتە ئاسىيانىڭ كىندىكىدىن، غەربتە دوناي دەرياسىغىچە بولغان بىپايان زېمىننى ئىگىلىۋالغان. ئۇلارنىڭ مەشھۇر داھىيسى هازىرقى ۋېنگرىيەدە قارارگاھ تىككەن.

هۇنلار گەرچە بىپايان زېمىننى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، ئەزەلدىن بىر دۆلەت قۇرۇشنى ئويلاپ باقمىغان. قارا دېڭىز ئەتراپىدىكى ئاق هۇنلار غەربكە يۈرۈش قىلىش سېپىگە قوشۇلماي، كىم بىلەن ئۇرۇش قىلىش، قانداق ئۇرۇش قىلىشنى ئۆزى قارار قىلىپ يۈرۈۋەرگەن. قارا هۇنلارنىڭ ئايرىم قەبىلىلىرى دوناي دەرياسىدىن يىراق بولغان قەدىمكى ئالان ئىمپېرىيەسىدە ئولتۇراقلىشىپ، رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ چېگراسىنى ماكان تۇتقان قېرىنداشلىرى بىلەن ئاساسەن مۇناسىۋەت قىلمىغان ياكى ناھايىتى سۇس مۇناسىۋەتتە بولغان، ئۇلار بولسا شەرقتىكى تەھدىت دەپ قارالغان. هۇنلارنىڭ نۇرغۇن مۇستەقىل قەبىلىلىرى بولۇپ، قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدا مۇئەييەن باغلىنىش بولسىمۇ، لېكىن مۇكەممەل بىر قۇدرەتلىك دۆلەت ئەمەس ئىدى. ئۇلار پەقەت هەربىي جەھەتتىكى غەلىبىنى قوغلاشقا-

دا ھەم ئىتتىپاقلىشىپ ئېرىشكەن غەلىبە مېۋىسىنى قوغدىغاندىلا، ئاندىن بىر چەكسىز قۇدرەتلىك دۆلەت بولالايتتى.

بۇگۈنكى ئىران ۋە كىچىك ئاسىيانى ئىگىلىگەن بىر قىسىم ئاق ھۇنلار رىم شەھىرىنىڭ باياشاتلىقىنى خېلى بۇرۇنلا ئاڭلىغاچقا، ۋىزانتىيە شەھىرىنى ھۇجۇم نىشانى قىلىپ، كاۋكاز تاغلىرىدىن ئۆتكەن. بۇ ئۇلار ئويلاپ يېتەلمىگەن بىر ئادەتتىكى ئويۇن ئىدى. ھۇنلارنىڭ بېسىپ كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر كونستانتىنوپولغا تارقىلىپ، ئۇ يەردىن رىمغا يېتىپ كەلدى. رىم پادىشاھى تېئودوسىئوس ھۇنلارنىڭ دۇناي دەرياسى بويلىرىدىلا بولۇپ قالماي، كىچىك ئاسىيانىڭ شەرقىدىكى ئۆلكىلەرنىمۇ تالان - تاراج قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئامالسىزلارچە تونۇپ يەتكەن.

ئۇزاق ئۆتمەي ھۇنلار بۈگۈنكى تۈركىيەنى بېسىپ ئۆتۈپ، قەدىمكى زاماندىكى باياشات شەھەر ئەنتاكىيەگە يېتىپ كەلگەن. بۇ چاغدا ھۇنلارنى توسۇپ قالالىغۇدەك كۈچ يوق ئىدى. ئەنتاكىيەلىك بىر كىشى شۇ چاغدىكى قورقۇنچلۇق تالان - تاراجنى كېيىنكىلەر ئۈچۈن بىر تاشقا پۈتۈپ: «ئۇلار ئارىمىزدا، بىراق بىز ئۇلارنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى بىلەلمىدۇق. ئۇلار مۇقەددەس بۇلاقتا ئاتلىرىنى سۇغىرىشتى. ئىبادەتخانىنىڭ پەلەمپىيىدە قىزلىرىمىزنى ئاياغ ئاستى قىلدى. شەھەرنىڭ تۈۋرۈكلىرىگە بالىلىرىمىزنىڭ بېشىنى ئېسىپ قويۇشتى. قىزلىرىمىزنى يالىڭاچلاپ، ئاتقا مىندۈرۈپ ئېلىپ كېتىشتى. ئۇلار (قىزلار) ئەنتاكىيەدىن شۇ ئايرىلغىنىچە، بىز ئۇلارنى قايتا



كۆرەلمىدۇق» دەپ خاتىرىلىگەن.

ئاھالىلەر ساراسىمىگە چۈشكەندە، رىم پادىشاھى بۇ ۋەھشىلىك خەۋەرلەردىن قورقۇپ كەتمىگەن. چۈنكى، ئۇنىڭغا شەرقىي شىمالدىكى ھۇنلارنىڭ پات ئارىدا گوتلارنىڭ ئاشلىقىنى يەپ تۈگىتىدىغانلىقى، تولۇقلىما ياردەمگە ئېرىشەلمەيدىغانلىقى، بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھۇنلارنىڭ كىچىك ئاسىيادا پېرسىيە ۋە ۋىزانتىيەنىڭ قايتۇرما زەربىسىگە ئۇچرايدىغانلىقى بەش قولدەك ئېنىق ئىدى. تېئودوسىئوس يەنە ھۇنلارنىڭ بۇلاڭچىلىققا تايىنىپ باشقىلارنىڭ ئاشلىقى، مال - چارۋىسى ۋە ئالتۇنى بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلىقى، ھەربىي جەھەتتىكى غەلىبە بولغاندىلا بۇلارغا ئېرىشەلەيدىغانلىقىنىمۇ تونۇپ يەتكەن. شۇڭا، ئۇ توپىلاڭ كۆتۈرگەن غەربىي گوتلارنى كونترول قىلىش ئۈچۈن، قىلچە ئارىسالدى بولماستىن، بۇ ئەھۋالدىن پايدىلىنىپ دۇناي دەرياسىنىڭ قارشى قىرغىقىدىكى ھۇنلار بىلەن سۈلھى قىلىشقان. ھۇنلار بېسىپ كەلگەندە غەربىي گوتلار رىم ئىمپېرىيەسىگە قېچىپ كېلىپ، رىم پادىشاھىغا بېقىنغانلىقىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، يەنىلا مۇستەقىل بولۇشنىڭ كويىدا بولغان.

گەرچە ھۇنلار كىچىك ئاسىيانى تالان - تاراج قىلغان بولسىمۇ، تېئودوسىئوس يەنىلا ئاق ھۇنلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، قارا ھۇنلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى چەكلىمەكچى بولغان. سىرتقا قارىتا ئۆزىنى بارلىق ھۇن قەبىلىلىرىنىڭ دوستى قىلىپ كۆرسىتىپ، ئەمەلىيەتتە بۇ قەبىلىنى يەنە باشقا قەبىلىگە قارشى تۇرۇشقا قۇتراتقان. تېئودوسىئوس

مۇشۇنداق خەتەرلىك سىياسەت قوللىنىپ ئۆز دۆلىتىنى 20 يىل خاتىرجەم ساقلىغان .

لېكىن ، تېئودوسىئوسنىڭ ئۆلگەنلىك خەۋىرى تارقالغاندىن كېيىن ، بۇ خاتىرجەملىك بىردىنلا بۇزۇۋېتىلگەن. 395- يىلى دوناي دەرياسى بويىدا يېڭى ئۇرۇشلار باشلانغان. هۇنلار بىلەن گېرمانلار ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش ۋە هۇنلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى پۈت تېپىشىشلەر ۋەزىيەتنى تامامەن قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتكەن. رىم ئىمپېرىيەسى هۆكۈمرانلىقىنىڭ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش-تۇرالماسلىقى بىر گەپ بولۇپ قالغان. رىملىقلار ئىلگىرى چېگرىدا يۈز بەرگەن ئۇرۇشلارغا سالماقلىق بىلەن قارىغان بولسا ، ئەمدى ئۇنىڭ ئورنىغا كېلەچەككە بولغان ۋەھىمە ئالماشقان . تېئودوسىئوس ئۆلگەندىن كېيىن ، ئۇزاقتىن بېرى چۇۋۇلۇپ كېتەي دەپ قالغان رىم ئىمپېرىيەسى ئاخىر پارچىلىنىپ كەتكەن. شۇنىڭدىن تارتىپ ئىككى هۆكۈمران مەيدانغا كېلىپ ، ۋىزانتىيە (شەرقىي رىم )گە ئاركادىئۇس ، غەربىي رىمغا خونولىئوس هۆكۈمرانلىق قىلغان .

## قەهرىماننىڭ دۇنياغا كېلىشى

4- ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ياۋروپادىكى هۇنلار قۇدرەتلىك ئەللەردىن سانىلىدىغان بولۇپ بولغانىدى . ئاتتىلانىڭ بالىلىق دەۋرى ئەجدادلىرىنىڭكى بىلەن ئوخشىمايدىغان مۇھىتقا توغرا كەلدى . ئۇنىڭ ئەجدادلىرى بوران



سوقۇپ تۇرغان چېدىرلاردا ياكى كالا هارۋىسىدا تۇغۇلۇپ ، بالىلىق دەۋرىنى ئۇزاققا سوزۇلغان غەربكە يۈرۈش جەريانلىرىدا ئۆتكۈزگەن . ئاتتىلامۇ گەرچە كۆچمەن چارۋىچى مىللەتنىڭ ئەۋلادى بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ پۈتۈنلەي يېڭى بىر دەۋردە ئۆسۈپ يېتىلگەن .

مىلادىيە 410 - يىلى بۇ هۇن خانزادىسى 14 يېشىدا راۋېننا (غەربىي رىمنىڭ پايتەختى )دىكى خونولىئوسنىڭ ئوردىسىغا ئېلىپ كېلىنگەن .ئۇ چاغلاردا ئاقسۆڭەك ۋە بەگلەرنىڭ پەرزەنتلىرى ئاتالمىش بارىمتاي سۈپىتىدە باشقا ئەللەرنىڭ ئوردىسىغا ئەۋەتىلىپ ،يات ئەللەرنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىش ناهايىتى ئومۇملاشقان . بۇ خىل مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالماشتۇرۇش ئۆزئارا هۆرمەتلىشىشنىڭ ئىپادىسى بولۇش بىلەن بىرگە ، يەنە ئۆزئارا ئۇرۇش قىلماسلىقنىڭمۇ بىر خىل كاپالىتى ئىدى .

راۋېننا رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ پايتەختى ئىدى ، رىم بولسا مەمۇرىي پايتەختى ئىدى . بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئەينى چاغدىكى هەشەمەتلىك موسائىكلار ۋە ئۆزگىچە دىنىي ئىمارەتلەردىن كىلاسسىك دەۋرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى هوقۇق مەركىزىدىكى هاياتنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆرۈۋالايمىز . ئاتتىلا ئۆزىدىن بەش ياش چوڭ رىملىق ئاقسۆڭەك ئائېتىئۇس بىلەن ئاغىنە بولغان ، ئائېتىئۇس ئىلگىرى هۇن تەگرىقۇتى رۇئانىڭ ئوردىسىدا بارىمتاي بولۇپ تۇرغان .

ئاتتىلا ئىتالىيەنىڭ شىمالىدىكى بۇ شەهەردە غەمسىز يىللىرىنى ئۆتكۈزگەن . ئۇ يۇنان تارىخى ۋە رىم تارىخى ،

شۇنىڭدەك مەدەنىيەت دۇنياسىنىڭ ئىسىل ئۆرپ - ئادىتىنى
ئۆگەنگەندىن باشقا، يېڭىدىن مەيدانغا كەلگەن خىرىستىيان
دىنى بىلەن پىششىق تونۇشقان، لاتىن تىلىنىمۇ ئوبدان
ئۆگەنگەن. ئۇ رىملىقلارنىڭ كۆزى بىلەن دۇنياغا نەزەر
سېلىشنىمۇ ئۆگەنگەن، بۇنىڭ بىلەن ئۇ رىملىقلارنىڭ كۆ-
ڭۈلدىكىدەك ئىتتىپاقدىشى بولۇش بىلەن بىرگە، ئەڭ خە-
تەرلىك دۈشمىنىمۇ بولۇپ قالغان.

ئاتتىلا دۇنيا تارىخىدىكى داھىيانە سېھرىي كۈچكە ئىد-
گە ھۆكۈمرانلارنىڭ بىرى. تا بۈگۈنگىچە كىشىلەر ئۇ
ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرلارغا غەرق بولۇپ يۈرۈشىدۇ. ئاتتىلا
دېگەن ئىسىم بىلەن چېتىشلىق بولغان ھوقۇق —
رەھىمسىزلىك بىلەن قايناق ھېسسىيات ئەۋلادمۇئەۋلاد با-
لىلارنى ۋەسۋەسىگە سېلىپ كەلدى. ئاتتىلانىڭ ھايات ۋاق-
تىدا توپلىغان ياكى ئەپچىللىك بىلەن كېلىشىم تۈزۈش
ئارقىلىق ئېرىشكەن ھېسابلاپ بولغۇسىز بايلىقى، ئۇنىڭ
رىم پادىشاھى ئالدىدىكى مەغرۇرلۇقى، دۇنيانىڭ ئەڭ پىنھ-
ھان بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدىن تېپىپ كەلگەن ساھىبجامال-
لارنى ئوردىسىدا ساقلىشىدەك ئىشرەتپەرەسلىكى، شادىيانە
مەرىكىلەردە شاراب ئىچىپ مەست بولماسلىقى، ئۇرۇشلار-
دىكى چىدامچانلىقى، دىپلوماتىيە ماھارىتى، شۇنىڭدەك ئەڭ
ئاخىر ياش كېلىنىنىڭ باغرىدا سىرلىق ئۆلۈپ كېتىشى ئۇ-
لارنىڭ ھەممىسى بۇ كۈچمەن چارۋىچى مىللەتنىڭ ئاتامى-
نىنى رىۋايەت تۈسىنى ئالغان شەخس قىلىپ قويغان. «نىڭ
بېلۇنگېن قوشىقى» دىكى ھۇن تەڭرىقۇتى ئىسىلنىڭ پرو-
توتىپى بولغان ئاتتىلا دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىغا مەڭگۈلۈك



كىرگۈزۈلگەن.

# ئىنسىنىق قانغا ئالتۇن تېگىشىش

ئاتتىلا باللىق مەزگىلىدە ھۇنلار بىلەن رىم ئوتتۇرد-
سىدىكى ئۇرۇش تېخىچە داۋاملىشىۋاتقان بولۇپ، ھۇن
چەۋەندازلىرى تەرەپ - تەرەپتىن شەرقىي ۋە غەربىي رىم
ئىمپېرىيەلىرىگە ھۇجۇم قىلىۋاتاتتى. بالقان يېرىم ئارىلى
(ھازىرقى يۇگوسلاۋىيە بىلەن بۇلغارىيە چېگرىلىنىدىغان
يەرلەر)دا ھونلار مۇز تۇتقان دوناي دەرياسىدىن ئۆتۈپ
مۇرسىيە تۈزلەڭلىكىگە كىردى. ئۇلارنىڭ بۇلاڭ - تالىڭى
ئالپىس تاغلىرىغىچە كېڭەيدى. شەرقتىكى كىچىك ئاسىيادا
ئۇلار سۇرىيەنىڭ باياشات سودا شەھەرلىرىگىچە ھۇجۇم قىد-
لىپ باردى.

دانىشمەن ھىنخمىس 396 - يىلى: «بۇ دەۋرنىڭ ھالا-
كىتىنى ئويلىغىنىمدا يۈرىكىمنى تىترەك باسىدۇ. 20
يىلدىن بېرى ھەر كۈنى دېگۈدەك رىملىقلارنىڭ ئىنسىنىق
قېنى قۇستەنتىنىيەدىن ئالپىس تاغلىرىغىچە قاراپ ئېقىۋا-
تىدۇ. گوتلار، سارماتلار، ئالانلار، ھۇنلار، ۋاندالىلار ۋە
ماركومانلار سىنكەنت، فراكىيە، ماكىدونىيە، داردانىيە،
سېسارى، ئېپىر، دالماتسىيە ۋە پاننونىيەلەرنى تۈزلىۋەت-
تى، ئۇلار بۇ يەرلەرنى ئىگىلىۋېلىپ قاتتىق تالان - تاراج
قىلدى. سانسىزلىغان ئېسىل خانىملار ۋە ئېپپەتلىك قىز-
لار ئۇرۇشتا ئاياغ ئاستى بولدى. ئېپىسكوپلار تۇتۇپ كېت-
تىلدى. پوپ ۋە باشقا روھانىيلار ئۆلتۈرۈلدى. چېركاۋلار

چېقىۋېتىلدى ياكى ئات ئېغىلى قىلىندى . شېھىتلەرنىڭ
سۆڭەكلىرى ھەر يەرلەردە قالدى . قانچىلىغان دەريالارنىڭ
سۈيى ئىسسىق قان بىلەن قىپقىزىل بويالدى······ » دەپ
يازغان .
پۈتكۈل دۇنيا مالىمانلىشىپ ، تۈزلەڭلىكتە تۇيۇقسىز
ئوت لاۋۇلدىغاندەك ، كىشىلەر ئارقا - ئارقىدىن «ياۋايى»
لار رايونىدىن قېچىپ چىقىشتى . دانىشمەن ئانبراسىئوس
ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن ئاشۇ يىللارنى : «ھۇنلار ئالانلارغا
ھۇجۇم قىلدى . ئالانلار گوتلارغا ھۇجۇم قىلدى . گوتلار
تەففالار ۋە سارماتلارغا ھۇجۇم قىلدى . ئىللىرىيىدىن قوغ-
لانغان گوتلار كېلىپ بىزنى قوغلىدى . بۇ ئىشلارنىڭ
ئاقىۋىتىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايۋاتىدۇ» دەپ تەسۋىرلى-
گەن .
شۇنىڭدىن كېيىنكى بىرقانچە يىلدا ھۇنلار شەرقىي ۋە
غەربىي رىم ئىمپېرىيەسى بىلەن كېلىشىم تۈزمەكچى بول-
غان . ئۇلار تۈزگەن كېلىشىملەر ھەمىشە باشقىلارنىڭ مەن-
پەئىتىگە زىيان يەتكۈزۈش ھېسابىغا تۈزۈلگەن بولۇپ ،
ئېلگىرى ھۇنلار سىقىپ چىقارغان گېرمان قەبىلىلىرىگە
يۈك بولغان . پاتپاراقچىلىق ئىچىدىكى بۈيۈك مىللىي كۆ-
چۈش جەريانىدا ، شەرقىي گوتلار بىلەن غەربىي گوتلار
كىشىلەرنىڭ ئويلىمىغان يېرىدىن چىقىپ تاجاۋۇزچى بو-
لۇپ قالغان . بۇنىڭدىن باشقا ، ۋانداللار ، فرانكلار ۋە رىم
تەۋەسىدىكى باشقا مىللەت ۋە قەبىلىلەرمۇ باشقىلارغا تاجا-
ۋۇز قىلغان ، گەرچە ئۇلار ئۆزىمۇ زوراۋانلىقنىڭ قۇربانى
بولسىمۇ ، لېكىن باشقىلار ئارقىلىق ئۆزىنىڭ زىيىنىنى



تولدۇرۇۋالماقچى بولغان .
بۇنداق ئەھۋالدا ، ئىچكى جەھەتتىن ئېغىر زەربىگە
ئۇچرىغان رىم ھۇنلارنىڭ ھەربىي كۈچىدىن پايدىلىنىشقا
باشلىغان . بۇ بىر قىزىقتۇرۇشچانلىقى كۈچلۈك ھەل قى-
لىش ئۇسۇلى ئىدى . غەربىي رىملىقلار تۈنجى بولۇپ ھۇن-
لار بىلەن كېلىشىم تۈزگەن ، ئەمما ئەينى چاغدا ئۇلار
قانداق ئاقىۋەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئويلاپ باقمىغان .
شۈبھىسىزكى ، بۇنداق قىلىش كۈچلۈك دۈشمەنگە دەرۋا-
زىنى داغدام ئېچىپ بەرگەنگە باراۋەر ئىش ئىدى .
شەرقىي رىملىقلار ھۇنلار بىلەن مۇرەسسەلەشمى-
گەچكە ، ئۇرۇش تېزلا باشلىنىپ كەتكەن . 408 - يىلى
ھۇنلارنىڭ پادىشاھى ئۇلدىز شەرقىي رىمغا ھۇجۇم قىلغان .
ئۇ تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن قۇياشنى كۆرسىتىپ تۇ-
رۇپ : «مەن خالىسام كۈن نۇرى يەتكەن زېمىنلارنىڭ
ھەممىسىنى بويسۇندۇرىمەن » دېگەن .
شۇ يىلى غەربىي گوتلارنىڭ پادىشاھى ئالارىك رىم
شەھىرىنى بۇلاپ - تالاپ قۇرۇقداپ قويغان . ئىككى يىلدىن
كېيىن ئۇزاق مۇددەتلىك ئىگىلىۋالغان .
ئۇلدىزنىڭ ۋارىسى رۇئا (بەزىدە رۇگىراس دەپمۇ
ئاتىلىدۇ ) تۈنجى بولۇپ پۇلغا تىنچلىق تېگىشىشتەك بې-
يىش يولىنى بەرپا قىلغان . ئۇ شەرقىي رىمدىكى فراكىيە-
گە بېسىپ كىرگەندىن كېيىن ، ئەسلىي ھېچقانچە كۈچە-
مەيلا بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش ئىمكانىيىتى بولسىمۇ ، يەنىلا
تىنچلىق كېلىشىمى تۈزگەن . بۇ ئۇسۇل ھۇنلار دەۋرى
ئاخىرلاشقۇچە ياۋروپادىكى بىر ئالاھىدىلىك بولۇپ قالغان .

قۇستەنتەنىيە ھەر يىلى رۇئاغا 350 قاداق ئالتۇن ئولپان تاپشۇرغان . شۇنىڭ بىلەن ھۇنلار ھەربىي تەھدىتكىلا تايىنىپ دۆلەت خەزىنىسىنى تولدۇرالايدىغان دەۋرگە كىرگەن . ئەگەر ئولپان قەرەلىدە تاپشۇرۇلمىسا ، ھۇنلارنىڭ ھەربىي تەھدىتى ئەمەلىيەت ئارقىلىق كۆرسىتىپ قويۇلغان .

شەرقىي رىم بارغانسېرى ھۇنلارغا تايىنىۋاتقاندا ، ھۇنلار بولسا غەربىي رىمنىڭ باراۋەر ئورۇندىكى ئىتتىپاقدىشى بولۇۋېلىپ ، گېرمانلارغا ئورتاق قارشى تۇرغان . ھونلارنىڭ بۇنداق قىلىشى ئاساسەن يەنىلا پۇل ئۈچۈن ئىدى . رىملىق ئائېتىئۇس ھونلاردىن ئەسكەر سېتىۋالغان . لېكىن ، ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ھونلارغا بەك ئىشىنىپ كەتكەنلىكتىن ، پۇشايمىنىنى ئالىدىغان قاچا تاپالماي قالغان . رۇئانىڭ ئوردىسىدا بارىمتاي بولۇپ تۇرغان ئائېتىئۇس ھۇنلاردىن ئات مىنىش ۋە ئوقيا ئېتىش ماھارىتىنى ئۆگەنگەن ھەم ئاتتىلا بىلەن ئاغىنە بولۇپ قالغان . ئاتتىلا رىم دۇنياسىنى چۈشەنگەندەك ، ئۇمۇ ھونلار دۇنياسىنى چۈشەنگەن . ئۇ رىمنىڭ ئەمەلدارى بولغاندىن كېيىن ، ھۇنلار بىلەن بولغان دوستانە مۇناسىۋىتىنى ئېبىسگە ئالغان . 424 - يىلى يوھاننىس ئىسىملىك بىر ئاقساقال رىم پادىشاھى بولۇشنى تەلەپ قىلغاندا ، ئۇ پۇل بېرىپ ھۇنلاردىن ياردەم سورىغان . شۇنىڭ بىلەن ھونلار رىم دۆلىتىنىڭ كۆچى سۈپىتىدە رىملىقلار تەرەپتە تۇرغان .

ئائېتىئۇس ئۇرۇشخۇمار ، رىملىقلار قورقىدىغان ھۇنلارنى باشلاپ تىبىر دەرياسى بويىدىكى شەھەرگە كىرگەندە ،



يالغان پادىشاھ ئالىلىقاچان باشقىلار تەرىپىدىن تەختتىن چۈشۈرۈۋېتىلگەن بولۇپ ، بۇ ھەقىقەتەنمۇ تەقدىرنىڭ بىر قېتىملىق ئويۇنى ئىدى . شۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلەردە ھۇنلار بىلەن غەربىي رىملىقلار ئوتتۇرىسىدا داۋاملىق تۈزۈلۈپ ھەم بۇزۇلۇپ تۇرغان ئىتتىپاق غەربىي رىمدىن ئىبارەت بۇ كېسەلچان ئىمپېرىيەنىڭ 450 - يىلغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا ئىمكانىيەت بەرگەن .

ئائېتىئۇس قانۇنلۇق تەخت ۋارىسىنى قوغداپ كېلىۋاتاتتى ، ئۇنىڭ ھوقۇقى كۈنسايىن چوڭىيىپ كېتىۋاتقاچقا ، خان ئانىسى پراسدىيە شۈبھىلىنىپ قالغان (ئەمەلىيەتتە ئۇ ئىمپېرىيەنىڭ ھوقۇقىنى باشقۇرۇۋاتاتتى) . شۇنىڭ بىلەن پراسدىيە ئۇنى گاللىيە (ھازىرقى فرانسىيە)نىڭ قوماندانلىقىغا تەيىنلەپ ، بۇ ئارقىلىق ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش كويىدا بولغان . لېكىن ، ئائېتىئۇس بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ، رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئېتىراپ قىلمىغانلارنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتىپ ، ئىناۋىتىنى تېخىمۇ ئۆستۈرگەن . بۇنىڭدىن باشقا ، ئۇ يەنە ھۇنلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن . ئىمپېرىيىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ، ئارلېپىس (فرانسىيەنىڭ بىر شەھىرى)نى ئىگىلىۋالغان غەربىي گوتلارنى يەڭگەن ھەم گاللىيىنىڭ شەرقىي شىمالىدا ئولتۇراقلاشقان فرانكلارنى بويسۇندۇرغان . يەنە باش ئەگمىگەن بىر قىسىم فرانكلارنى رېيىن دەرياسىدىن قوغلاپ چىقارغان . ئىلگىرى غەربكە كۆچۈش جەريانىدا باشقا مىللەتلەرنى قوغلىغان ھۇنلار ئەمدى بولسا رىمنىڭ ئۆزى-

نىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى قوغداش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىنىشىدىكى ياردەمچىسى بولۇپ قالغان .

ئائېتىئۇس گاللىيىدىكى توپىلاڭنى تىنچىتقاندىن كېيىن ، رىمنىڭ رېھىيە ۋە نورىكام (ھازىرقى شۋېتسارىيە ۋە ئاۋستىرىيە )غا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن .

ۋاھالەنكى ،ئائېتىئۇسنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى خان ئانىسى پراسدىيەنى ئىنتايىن تەشۋىشلەندۈرگەن .ئۇ ئائېتىئۇسنىڭ ھوقۇقى زورىيىپ كەتسە ،ئۆزىگە تەھدىت ئېلىپ كېلىشىدىن ئەنسىرەپ ،ئائېتىئۇسنىڭ بارلىق ھوقۇقى ۋە ئۇنۋانىنى ئېلىپ تاشلىغان .ئائېتىئۇس ئۆزىنىڭ ئۇنۋانى ۋە ھوقۇقىنى ساقلاپ قېلىش يولىدىكى ئۇرۇنۇشلىرى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن رىمدىن قېچىپ كەتكەن .ئۇ ھۇن تەڭرىقۇتى رۇئانىڭ ئوردىسىدا قىزغىن قارشى ئېلىنغان .پراسدىيە ئائېتىئۇسنى سىياسىي ساھەدىن سىقىپ چىقىرىۋەتتىم دەپ چوتىنى يەنە خاتا سوققان .ئائېتىئۇس رىملىقلارنىڭ زەئىپ قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلىپ ،رەسمىي ئۇرۇشمايلا ھۇن چەۋەندازلىرىنىڭ ھىمايىسىدە مەغرۇر ھالدا رىم شەھىرىگە قايتا كىرگەن .شۇنىڭدىن كېيىن ،پراسدىيە ئائېتىئۇسنىڭ قورچىقىغا ئايلىنىپ قالغان .ئائېتىئۇس ئۆزىنى غەربىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلەشنى تەلەپ قىلغان .تەشەككۈر يۈزىسىدىن ھۇنلار بۈگۈنكى ۋېنگرىيىنىڭ پاننونىيە ئۆلكىسىگە ئېرىشكەن .شۇنىڭدىن



باشلاپ ئۇ يەر ھۇنلارنىڭ مەركىزى بولۇپ قالغان .

## ئىككى تەڭرىقۇتنىڭ تەڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىشى

تەڭرىقۇت ياشىسۇن! 434 - يىلى تەڭرىقۇت رۇئا ۋاپات بولغاندا ، ھۇنلارنىڭ قەدىمىي ئادىتى بويىچە ئۇنىڭ ئىككى جىيەنى بولمىش بلېدا بىلەن ئاتتىلا تەڭرىقۇتلۇق تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان . ئىش باشلاپلا ئۇلارنىڭ كۆڭۈل بۆلگىنى قۇرۇقدىلىپ قالغان خەزىنە بولغان . شەرقىي رىملىقلار ئولپاننى دائىم كېلىشىمدە بېكىتىلگەن مۇددەتتە تاپشۇرمىغان . بۇنىڭ بىلەن يۈز بېرىدىغان ۋەقە ھەر ئىككى تەرەپكە ئايدىڭ ئىدى : ھۇنلار قولىغا قورال ئالغان ، ئۇرۇش باشلانغان . ئۇرۇشتىن كېيىن بلېدا بىلەن ئاتتىلا ئات ئۈستىدە ئات مىنىپ كۆنمىگەن رىملىقلارنى قوبۇل قىلغان . رىملىقلار ئاتتا ناھايىتى بىئارام بولسىمۇ ، ھۇنلارنىڭ قائىدىسىگە ئەمەل قىلىشقا مەجبۇر بولغان . ئىككى تەرەپ سۆھبەت ئۆتكۈزگەن . 453 - يىلى ترانسىلۋانىيە تېغىنىڭ شىمالى (ھازىرقى رۇمىنىيىنىڭ ماگىس شەھىرى ) ئېتىكىدە ھۇنلارنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن ئىككى تەرەپ تىنچلىق كېلىشىمى تۈزگەن .

كېلىشىمدە شەرقىي رىملىقلارنىڭ ھۇنلارنىڭ دۈشمىنى بىلەن ، يەنى رىم ئىمپېرىيەسى سىرتىدىكى گېرمان قەبىلىلىرى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشى چەكلەنگەن . بۇنىڭدىن باشقا ، يەنە ئەسىرلەرنى ئالماشتۇرۇش ئىشلىرى قې-

لىپلاشتۇرۇلغان . چېگرادىكى بازارلار تاقىۋېتىلگەن . ھەر
يىلى تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك ئولپان ئىلگىرىكىدىن بىر قاتـ
لىنىپ ، 700 قاداق (تەخمىنەن 229 كىلوگرام ) ئالتۇنغا
ئۆستۈرۈلگەن . بۇ كېلىشىم ئۇزاق مۇددەتلىك تىنچلىققا
كاپالەتلىك قىلالمىسىمۇ ، ھۇنلار ئۇچۇن ئېيتقاندا ، ھۇنـ
لارنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان زېمىنى رىم ئىمپېرىيەـ
سىدىن ئۆزگە يۇتكۇل ئوتتۇرا ۋە شەرقىي ياۋروپاغىچە
كېڭەيتىلگەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتەك دەۋر بۆلگۈچ
ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان . ھۇنلارنىڭ تەسىر كۈچى رېيىن
دەرياسىغىچە كېڭەيگەن بولۇپ ، دەريانىڭ يەنە بىر قىرغىقى
بولسا ئائېتىئۇسنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى گاللىيە ئىدى .

ئائېتىئۇس رىم ئىمپېرىيەسى قوشۇنلىرىنىڭ باش قوـ
ماندانلىقىنى ئۇستىگە ئالغاندىن كېيىن ، ھۇنلارغا گاللىيە
رايونىنىڭ تەپتىشلىك ھوقۇقىنى بەرگەن . غەربىي گوتلار
يەنە بىر قېتىم ھون ياللانما لەشكەرلىرىنىڭ شەپقەتسىز
زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان . رېيىن دەرياسىنىڭ غەربىي
قىرغىقىدا ئولتۇراقلاشقان ، ۋولمۇس ۋە مايىنىتس رايونىدىـ
كى بۇرگوندلار باش ئەگمىگەن . بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا
ئۇلار ھەتتا ئېخى رىم ۋە ھۇنلارنىڭ چېگرادىكى قوشۇنىغا
ھۇجۇم قىلغان . ئەمدى بولسا ھۇنلارنىڭ ئىنتىقام ئالىدىـ
غان كۈنى بولۇپ ، بلېدانىڭ رەھبەرلىكىدە ھۇنلار بىر
ھۇجۇم بىلەن بۇرگوندلارنى تارمار قىلغان . بۇ ۋەقە زادى
435 ـ يىلى يۈز بەرگەنمۇ ياكى 436 ـ يىلى يۈز بەرگەنمۇ
دېگەن مەسىلىدە تارىخشۇناسلارنىڭ پىكرى بىردەك ئەمەس .
بۇرگوندلارنىڭ پادىشاھى گۇندىكار ئۇرۇشتا ئۆلگەن . بۇرـ



گوندلارنىڭ يوقىتىلغانلىقىدەك ئەمەلىيەت گېرمان مىللەتـ
لىرىنىڭ قەلبىدە ئېغىر جاراھەت پەيدا قىلغان . نۇرغۇن
خەلق رىۋايەتلىرىدە بۇ تارىخ خاتىرىلەنگەن . نەچچە يۈز
يىلدىن كېيىن بۇ تارىخ ئاساسىدا «نىبېلۇنگېن قوشىقى»
دېگەن بۈيۈك داستان يېزىلىپ چىقىلغان .

ئائېتىئۇس ئاخىرقى رىملىق دەپ ئاتالغان . گاللىيە
رىم ئىمپېرىيەسى ئۇچۇن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغاچـ
قا ، ئۇ رىم ئىمپېرىيەسى ئۇچۇن گاللىيەدىكى تۇپراقنى
تىنچىتىپ كاتتا تۆھپە ياراتقان . ئەگەر ھۇنلار بولمىغان
بولسا ، رىم ئىمپېرىيەسى ئاللىقاچان پارچىلىنىپ كەتكەن
بولاتتى . لېكىن ئۇلار بولغاچقا ، رىم ئىمپېرىيەسى ئاخىر
يەنىلا ھالاك بولاتتى . چۈنكى ، شۈبھىسىزكى ، بۇ ، بۆرىنى
قوتانغا باشلاپ كىرگەنلىك ئىدى .

شەرقىي رىمنىڭ ئېچىنىشلىق تارىخى شۇنى كۆرسىـ
تىپ بەردىكى ، ھۇنلار ھەرقانداق ئەھۋالدا ئۆزىدىن قانداق
پايدىلىنىشنى بىلگەن . شەرقىي رىملىقلار شىمالىي ئافرىـ
قىدىكى كارفاگېننى ئىگىلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، سىتسىـ
لىيەدىن ئىتالىيەگە ھۇجۇم قىلىپ كىرمەكچى بولغان ۋانـ
داللارغا تەھدىت سالغان . ئىمپېرىيەنىڭ يەنە بىر تەرىپىـ
دە ، پېرسىيە شاھى شەرقىي رىمغا تەۋە ئەرمەنىيەنى يۇتۇـ
ۋالماقچى بولغان . شۇنىڭ بىلەن شەرقىي رىم پادىشاھى
پېرسىيەگە ئەڭ ئاخىرقى بىر تۈركۈم لەشكىرىنى ئەۋەتـ
كەن . ھۇنلار ئۆزلىرىنىڭ دۇناي دەرياسىنىڭ ئىككى قىرـ
غىقىدا ئاساسەن قارشىلىققا ئۇچرىمايدىغانلىقىنى بىلگەچـ
كە ، قىلچە تەپ تارتماستىن ، ئۆزلىرى قورۇشقا قاتناشقان

ئەركىن بازارغا ھۇجۇم قىلىپ، بارلىق سودىگەرلەرنى تۇتۇۋالغان. ئۇلار بۇ ئارقىلىق سۆھبەتكە قىستىغان بولسىمۇ، سۆھبەت قاتمال ھالەتكە چۈشۈپ قالغان. بۇنىڭ بىلەن ھۇنلار قورال كۈچى بىلەن مەسىلىنى ھەل قىلماقچى بولغان. 440 - يىلى ھون ئاتلىق لەشكەرلىرى يەنە بىر قېتىم دوناي دەرياسىدىن ئۆتۈپ، بالقاننىڭ شەرقىي شىمالىنى ئىگىلىۋالغان. سىنگىدۇنۇم (ھازىرقى بېلگراد) شەھىرىنى بېسىۋېلىپ، ئاھالىلەرنى ھەپسىگە ئالغان. ھۇنلارنىڭ كۈچىنى توسۇۋالغىلى بولمىغاچقا، يەنە بىر قېتىملىق مەغلۇبىيەتنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن شەرقىي رىم پادىشاھى ھۇنلارنىڭ قۇستەنتەنىيەنىمۇ ئىگىلىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ، يەنە تۆلەش ئويۇنى ئويناپ، سۆھبەت، سۈلھى، يېڭىدىن ئولپان تۆلەش تەلىپى ئارقىلىق، ئاخىرىدا ئالتۇنغا تىنچلىق تېگىشكەن.

## ھوقۇقنى ئۆزى يالغۇز ئىگىلەش

بىر تەڭرىقۇتنىڭ ھوقۇقىنى ئىككى بەگنىڭ تەڭ تۇتۇشى ھۇنلارنىڭ ئەنئەنىسى ئىدى. بلېدا بىلەن ئاتتىلانىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا، چېچىلاڭغۇ قەبىلىلەر ئىتتىپاقى راۋاجلىنىپ، تەشكىلچانلىقى كۈچلۈك، ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشتۈرۈلگەن ئىمپېرىيىگە ئايلانغان.

بلېدا بىلەن ئاتتىلا ئۆزىگە ئاسىيلىق قىلغانلارغا قىلچە رەھىم قىلمىغان. مەسىلەن، بۇ ئاكا - ئۇكا تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئىككى ئاقسۆڭەك شەرقىي رىمغا قېچىپ



كەتكەن. بلېدا بىلەن ئاتتىلا ئۇلارنى قىلغانلىرىغا تويغۇزۇپ قويىمىز دەپ داۋراڭ سېلىپ، قۇستەنتەنىيەلىكلەرنى بۇ ئىككى ۋاپاسىزنى تاپشۇرۇپ بېرىشكە قىستىغان. ئىككى قاچقۇن دوناي دەرياسىدىن ئۆتكۈزۈپ قويۇلۇشىغىلا، ھۇنلار رىملىقلارنىڭ كۆز ئالدىدا بۇ ئىككى كىشىگە قوزۇق قاققان.

ئاتتىلانىڭ نىشانى ھوقۇقنى ئۆزى يالغۇز ئىگىلەش ئىدى. شۇڭا، ئۇ ئاۋۋال بلېدانى يوقىتىشى كېرەك ئىدى. ئۇ ئىككىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى تولۇق مۇستەھكەملىنىپ بولغاندا، ئاتتىلا قول سېلىشقا قارار قىلغان. 445 - يىلىنىڭ بىر كۈنى، ئاتتىلا بلېدانى ئالداپ ئۆزى قۇرغان تۇزاققا چۈشۈرگەن. ئاتتىلا تارىخىي خاتىرىلەردە يېزىلغاندەك، ئۆزى قول سالغانمۇ ياكى قاتىل ئەۋەتكەنمۇ، بۇ ھەقتە ھەر خىل قاراشلار بار. لېكىن، ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. ئۇلار بۈگۈنكى ۋېنگرىيە بىلەن رۇمىنىيەنىڭ تۇتاشقان يېرىدىكى تىسىز دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى بلېدانىڭ بارگاھىنى قورشىۋالغان. ئىتتىپاقداشلىرى بلېدانىڭ ياساۋۇللىرىنى كونترول قىلىپ تۇرغاندا، ئاتتىلا قورۇقچىلىرىنى باشلاپ كىرىپ قول سالغان.

ئاكا - ئۇكا ئوتتۇرىسىدا نىزا بارلىقى توغرىسىدا خاتىرىلەنگەن ئىسپات تولىمۇ ئاز، بۇلارنىڭ بىرى ۋېنگرىيەنىڭ سىكەنسى دېگەن يېرىدىن تېپىلغان تىللا بايلىقلاردۇر. بۇ تىللا جەمئىي 1440 بولۇپ، ئومۇمىي ئېغىرلىقى 6 كىلوگىرامدىن ئاشىدۇ. بۇلارنىڭ بىر قىسمى تېخى ئىش-

لىنىلمىگەن يىپىپىگى تىللا بولۇپ ، 445 - يىلى قويۇلغان . دەل بىلىدا ئۆلتۈرۈلگەن يىلى كۆمۈۋېتىلىپ قايتا ئېچىلمىغان . يا بىلىدا بىر سىپنىڭ ئاغدۇرۇۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ ، بۇ پۇللارنى بىخەتەر يەرگە يوشۇرۇپ قويغان ، يا بىلىدانىڭ بىرەر سادىق ئادىمى ۋەقە يۈز بەرگەندە بۇ بايلىقلارنى پەم بىلەن ئېلىپ چىقىپ كۆمۈپ قويغان ، بەلكىم ئۇ كىشىمۇ كېيىنچە ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن بولمىسا بۇ بايلىقلار ئۇنتۇلۇپ قالمايتتى . باشقا مۇستەبىتلەرگە ئوخشاش ئاتتىلا ئۆز يېنىدىكى كىشىلەرگە ئىشەنمىگەن . كىمكى مۇتلەق بويسۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈرمىسە ، ئۇ چوقۇم شەپقەتسىز زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان . ئاتتىلا رىملىقلارنىڭ ئولپانلىرىنى سېخىيلىق بىلەن قول ئاستىدىكىلەرگە مۇكاپات قىلىپ بېرىپ تۇرسىمۇ ، ئاتتىلا ئۇلارغا باشتىن - ئاخىر ئىشەنمەسلىك پوزىتسىيەسىنى تۇتقان . ئەگەر كىمكى ئۆزىگە تەھدىت پەيدا قىلسا ، ئۇنى دەرھال جايلىۋەتكەن . ئۇنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشىدا خام - خىيال قوغلىشىش ۋە مەنمەنچىلىك قىلىش ئالاھىدىلىكى گەۋدىلىك . ئاتتىلامۇ رىم پادىشاھلىرىدەك ئۆزىنى ئىلاھنىڭ ئەۋلادى دەپ قاراپ ، ئىلاھ مارسنى بەلكىم مېنىڭ ئەجدادىم بولۇشى مۇمكىن دەپ ھېسابلىغان . كېيىنكى كۈنلەردە ئاتتىلا ئۆزىنىڭ ئىلاھنىڭ پۇشتى ئىكەنلىكىگە قاتتىق ئىشەنگەن .

ئاتتىلا بۇنچە كەڭرى زېمىننى قانداق ئىدارە قىلغان ؟ بولۇپمۇ كىشىلەر رىمنىڭ باشقۇرۇش سىستېمىسى بىلەن ھۇن ئىمپېرىيەسىنى سېلىشتۇرغاندا ، كىشىنى ھەيرەتتە قالدۇرىدىغان خۇلاسىنى چىقارغان . رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ



باشقۇرۇش سىستېمىسى قاتتىق ئىدارە قىلىدىغان بىر قانچە ئورگاندىن تەركىب تاپقان بولسا ، ھۇن ئىمپېرىيەسى بىرلا شەخسكە تايىنىش سىستېمىسى ئارقىلىق ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن . ئاتتىلانىڭ قارارگاھىدا كۆپ خىل تىلنى ئىگىلىگەن ھەم قەلەمدە ئىشلارغا كامىل كاتىپلاردىن پەقەت بىرنەچچىسىلا بولسىمۇ ، ئۇلارغا سەرپ قىلىنغان چىقىم ئاز بولمىغان .

ھۇن ئىمپېرىيەسىنىڭ ئەڭ چەت يەرلەردە تەسىس قىلىنغان بىردىنبىر ئورگىنى ئات ئالماشتۇرۇش ئۆتىڭى بولۇپ ، بۇ ئۆتەڭلەر تېپىك كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان . پۈتكۈل ئىمپېرىيەدە بۇنداق ئۆتەڭلەر قۇرۇلغان ، ئۆتەڭلەردە ئات ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق ، خەۋەرچى قىسقىغىنا بىرنەچچە ھەپتىدە خەۋەرنى ئاسىيادىن ياۋروپاغا يەتكۈزۈپ قايتىپ كېتەلىگەن . بىر قېتىم ھۇنلارنىڭ بۇنداق ئۇسۇلىنى چۈشەنمەيدىغان بىر رىم ئەلچىسى ئۆزۈمگە «ھەدىيە» قىلىۋەتتى دەپ ئويلاپ قالغان ئاتنىڭ يەنە ئېلىپ كېتىلگەنلىكىدىن تولىمۇ غەلىتىلىك ھېس قىلغان . پرىنسىپ جەھەتتە ئات دۆلەتنىڭ بايلىقى ھېسابلانغان .

ئاتتىلا گاللىيەگە يۈرۈش قىلىشنىڭ ئىستراتېگىيەسىنى تۈزۈۋاتقاندا باشقا يەردىكى ئۇرۇشلارنىڭ تەرەققىياتىنى قانداق بىلگەنلىكى ھازىرغىچە بىر سىر بولۇپ تۇرماقتا . ئۇ 4000 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى پېرسىيەدىكى ئۇرۇشنىڭ ئەھۋالىدىن قانداق خەۋەر تاپقان ؟

تەڭرىقۇتنىڭ يېنىدا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان مۇشاۋىرلاردىن ئونېگېسئوس بىلەن سېكتاس ئاغا - ئىنى ئىككىلەن بار ئىدى . بۇ ئىككىسى يۇنانلاشقان ياۋايىلاردىن

بولۇپ، ئۆزلىرىگە يۇنانچە ئىسىم قويۇۋالغان . ئۇلار گرېك
تىلى ، لاتىن تىلى ۋە ھون تىلىنى بىلگەن . ئونېگېسئوس -
نىڭ ئورنى ئاتتىلادىنلا كېيىن تۇرغان ، بەلكىم ئۇ ئاتتىلا
چەكسىز ئىشەنگەن بىردىنبىر شەخس بولۇشى مۇمكىن .
ئاتتىلا ئىلگىرىكى ئاغىنىسى ئائېتىئۇسقا قانچىلىك
شەرتسىز ھەربىي ياردەم بېرەلىگەن بولسا ، ئۇنىڭ ھۇنلار
ئىچىدىكى ئىناۋىتىمۇ شۇنچىلىك ئۆسكەن . ئىمپېرىيەنىڭ
ئىچكى قىسمىدا ئاتتىلا ھۆكۈمرانلىقىنى بېقىندى گېرمان
دۆلەتلىرىنىڭ پادىشاھلىرىغا تايىنىپ يۈرگۈزگەن . بۇلار -
نىڭ ئىچىدە نۇرغۇن ئالان بەگلىرى ، شەرقىي گوتلارنىڭ
پادىشاھى رەدارىسى ، گېپىتىلارنىڭ پادىشاھى ئادارىسى بار
ئىدى . يوھاننىس : «ئادارىسىنىڭ نامى ئەڭ مەشھۇر بو -
لۇپ ، ساداقەتمەنلىكتە ھەتتا ئاتتىلانىڭ مەسلىھەتچىلىرى -
دىن بولۇپ قالغان . بارلىق پادىشاھلارنىڭ ئىچىدە كاللى -
سى ئۆتكۈر ئاتتىلا ھەممىدىن بەك ئۇنىڭغا ئامراق» دەپ
يازغان . گېپىتىلار ئىلگىرى ھونلار بىلەن ھايات - ماما -
تلىق جەڭلەرنى قىلغان خەلق بولۇپ ، ئاخىر يەنىلا ھونلار -
نىڭ ئەڭ مۇھىم ئىتتىپاقدىشى بولۇپ قالغان . گېپىتىلار -
چە ساداقەت ماقاللاردا گېرمان مىللىتىنىڭ پەزىلىتىدىكى
مۇتلەق ئىتائەت قىلىش مەنىسىنى ئىپادىلەيتتى . كېيىنكى
كۈنلەردە كىشىلەر «قارىغۇلارچە ئەگىشىش» دېگەن سۆزنى
ئالماشتۇرۇپ ، تەنقىدىي ئاساستا ، ئەمما دەل جايىدا بۇ
مەنىنى ئىپادىلىگەن .

## دۇنيانى ساراسىمىگە سالغان ئادەم

پرىسكوس ئاتتىلانىڭ ئوردىسىغا بارغان ۋىزانتىيە ئەل -



چىسى بولۇپ ، ئۇ ئاتتىلانىڭ بىر «ياغاچ ئوردىسى» بار
دەپ تەسۋىرلىگەن . لېكىن ، ئۇ ئوردىنىڭ قەيەرگە جايلاش -
قانلىقىنى ھازىر ھېچكىم بىلمەيدۇ . ئۇ ئوردا بەلكىم سې -
گېد شەھىرى ئەتراپى (ھازىرقى ۋېنگرىيەنىڭ جەنۇبى )دا
بولسا كېرەك . بۇ يەردىن يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئەڭ
زور زىلزىلە قوزغىغان ئارخېئولوگىيىلىك بايقالما —
سېگېد - ناگسېكسوس بايلىقلىرى قېزىۋېلىنغان . ئالىملار
بۇ بايلىقلار بەلكىم تەگرىقۇت رۇئانىڭ ياكى ئاتتىلانىڭ
قەبرىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن دەپ قىياس
قىلماقتا . سېگېد مۇزېيىنىڭ مۇدىرى ئوتتو .تلوگمېلنىڭ
ئېيتىشىچە ، بۇ ئالتۇنلارنى دېھقانلار يەر ئوتىغاندا ئېتىز -
لىقتىن بايقىغان . بۇلار جەمئىي 200 دانە ئالتۇن زىنىنەت
بۇيۇمى ۋە باشقا ئوتتۇغاتلار بولۇپ ، كۆپ قىسمى سۇنۇپ
كەتكەن . ھازىر بۇ نەرسىلەر دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرى -
دىكى مۇزېيلاردا ۋە يىغىپ ساقلىغۇچىلاردا ئىكەن . بۇنىڭ
ئىچىدە ئەڭ ئېغىرى ۋە كىشىنىڭ دىققىتىنى بەك تارتىدى -
غىنى 400 نەچچە گىراملىق ئالتۇندىن ياسالغان پۇتەي
بويۇن چەمبىرىكى بولۇپ ، بۇ بويۇن چەمبىرىكىنى بايقىغان
دېھقان دەسلەپتە سېرىق مىس ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ ،
كەپشەرلەشكە ئىشلەتمەكچى بولغان بولسىمۇ ، ئىشلىتەلمى -
گەن . شۇنىڭ بىلەن بۇ دېھقان بۇ بويۇن چەمبىرىكىنى
قىلچە قىممىتى يوق نەرسە ئىكەن دەپ قاراپ ، چوشقا
ھەيدەيدىغان قامچىسىغا بېكىتىپ قويغان . شۇ يەردىن يەنە
ئالتۇن زىننەت بۇيۇمى ، قىنىق قىزىل ياقۇتتىن كۆز قو -
يۇلغان توقا ، كەمەر ۋە باشقا زىننەت بۇيۇملىرى تېپىلغان -

دىن كېيىنلا كىشىلەر بۇ بويۇن چەمبىرىكىنىڭ قىممىتىنى تونۇپ يەتكەن. بويۇن چەمبىرىكىنىڭ ئەسلىي ئىگىسىنىڭ يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە كىشى ئىكەنلىكى شۈبھىسىزدۇر. كىشىلەردە ئاسانلا بۇ يەرگە كۆمۈلگەن بايلىقلار ھون ئىمپېرىيىسىنىڭ مەلۇم تەڭرىقۇتىنىڭ ھەمدەپنە بۇيۇملىرى بولۇشى مۇمكىن دېگەن قىياس پەيدا بولۇپ قالىدۇ. بۈگۈنكى كىشىلەر، ئۆتمۈشتىكى دەپنە مۇراسىمىدا دەپنە بۇيۇملىرى كۆپىنچە قەبرىگە قويۇلماي، باشقا جايغا ئايرىم كۆمۈلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

پرىسكوسنىڭ تەسۋىرلىشىچە، ئۇستى ئوچۇق دالاندىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئاندىن ئاتتىلا تۇرىدىغان يوغان لىملىق، تاختاي ياتقۇزۇلغان ئۆيگە بارغىلى بولىدىكەن. ھۇنلار ئارىسىدا ئۇستا ياغاچچىلار بولغان، بۇنى ئۇلارنىڭ ياغاچ بىلەن زىننەتلەنگەن لەھەت ۋە ياسىغان ياغاچ ئېگەرلىرى، شۇنىڭدەك باشقا ياغاچچىلىق ئىشلىرى ئىسپاتلايدۇ. ئاتتىلانىڭ قارارگاھىدا لەشكەرلەرنىڭ نۇرغۇن ياغاچلاردىن قۇراشتۇرۇلغان مۇنارسىمان چېدىرلاردا ئۇخلايدىغانلىقى تۇرغان گەپ. ئاتتىلانىڭ ئايالچىسى (خانىشى)نىڭ ھەرىمىمۇ ياغاچتىن ياسالغان بولۇپ، ئەگمە ئىشىكى نەپىس زىننەتلەنگەن، سارايغا گىلەم سېلىنغان. پرىسكوسنىڭ ئېيتىشىچە، نۇرغۇن چوكانلار گىلەمدە ئولتۇرۇپ، ھونلار ناھايىتى ياقتۇرىدىغان كاناپ كەشتىلەيدىكەن. ھونلارنىڭ بىردىنبىر ھەشەمەتلىك ئۆيى ئونېگىسىئوس بۇيرۇپ ياساتقان يۇنانچە تاش ھاممام ئىكەن. ئاتتىلانىڭ بۇ ئەڭ ئىشەنچلىك ئادىمىنىڭ ئۆز دەۋرىنىڭ ھالاۋەتلىك مەدە-



نى تۇرمۇشىدىن ۋاز كەچكۈسى كەلمىگەنلىكى ئېنىق.

پرىسكوس شەرقىي رىم پادىشاھىغا يوللىغان دوكلاتىدا مۇنداق دەپ يازغان: «بىز ۋە باشقا ھونلارنىڭ ئالدىغا كۈمۈش تاۋاقتا ئۇسۇلغان نازۇنېمەتلەر كەلتۈرۈلدى. ئاتتىلا بولسا ياغاچ تاۋاقتا ئاش يېدى. ئۇ ئىزچىل تۈردە ئۆزىنى ناھايىتى تۇتۇۋالغاندەك كۆرۈنەتتى. مېھمانلار ئالتۇن ياكى كۈمۈشتىن ياسالغان ئېگىز پۇتلۇق قەدەھتە شاراب ئىچتى. ئاتتىلا يەنىلا ياغاچ قەدەھتە ئىچتى. ئۇنىڭ كىيىم - كېچىكىمۇ ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، بۇ كىيىملەرنىڭ ھېچقانداق رەڭدە بويالمىغانلىقى كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان بىردىنبىر ئالاھىدىلىكى ئىدى. بېلىگە ئېسىۋالغان قىلىچى بولسۇن ياكى كەشى ۋە ياكى ئېتىنىڭ جابدۇقلىرى بولسۇن ھونلاردا ئومۇملاشقىنىدەك ئالتۇن ياكى ياقۇت بىلەن زىننەتلەنمىگەنىكەن.

قوۋمى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئاتتىلا خۇددى ئادەتتىكى ئاتىدەك تەڭرىقۇت بولغان. قوشۇندا بىر ئاددىي لەشكەردەك بولغان. ئۇ قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، جازا بىلەن مۇكاپاتنى ئېنىق ئايرىغان. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئۇ يۇقىرىلاردىن ئايرىلىپ قالغان، ئەيش - ئىشرەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان رىم پادىشاھلىرىدىن تۈپتىن پەرقلەنگەن. ئاتتىلانىڭ بۇنداق كىشىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدىغان ئاددىي - ساددىلىقى بەلكىم بىر تاكتىكا بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئۇنىڭ شاراب ئىچىش ئادىتى ۋە ئۇزۇلدۇرمەستىن يېڭى - يېڭى ساھىبجاماللارنى ئەكەلدۈرۈپ ھەرىمىنى توشقۇزۇپ تۇرۇشى، ئۇنىڭ تۇرمۇش جەھەتتە قانداقلا دېگەن

بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋالمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ .
«ئۇ پاكىنەك ، كۆكرىكى كەڭ ، يوغان باش ، كىچىك
كۆزلىرى كۆل رەڭ ، بۇرنى پاناق ، قارىمۇتۇق ئادەم .
قەدەملىرى ئېغىر ، كۆز قارىچۇقى پىرقىراپ تۇرىدۇ ، بە-
دەن ھەرىكىتىدىن ئىرادىسى ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ ، ئۆزى
ئۇرۇشخۇمار بىر كىشى ، — جوردانىس گوتلار تارىخىدا
ئاتتىلانى شۇنداق تەسۋىرلىگەن ۋە ئۇلاپلا يەنە ، — ئۇ
تۇغۇلۇشىدىنلا ھەممە مىللەتلەرنى قورقۇتۇپ ، پۈتۈن دۇن-
يانى سارالسىمىگە سالغان ئادەم ، ھەرقانداق كىشى ئۇنىڭ
ئالدىدا ئۇ توغرىسىدا تارقالغان رىۋايەتلەرنى ئاڭلاپ قورق-
ماي قالمايدۇ» دەپ يازغان . پرىسكوس ئەلچى بولۇش
سالاھىيىتى بىلەن ئاتتىلانى چوڭقۇر چۈشىنىش پۇرسىتىگە
ئېرىشكەن . ئۇ مۇنداق دەپ يازغان : «ئۇ تەكەببۇرلارچە
مېڭىپ كەلدى . كۆزىدىن تېتىكلىكى چىقىپ تۇراتتى .
يۇرۇش - تۇرۇشىدىن كىشىلەر ئۇنىڭ ئەمەلدار ئىكەنلىكى-
نى ھېس قىلاتتى . ئۇ ھەرقانداق ئىشتىن ئۇرۇشقا ئامراق
بولسىمۇ ، ھامان يەتتە ئۆلچەپ بىر كېسەتتى . ئاساسەن
ئەقىلگە تايىناتتى . باشقىلارنىڭ ئىلتىجاسىغا ھېسداشلىق
بىلدۈرەتتى . بېقىنغانلارغا قاتتىق كەڭچىلىك قىلاتتى . ئۇ
ھەم ئەقىللىق ، ھەم ھىيلىگەر بولۇپ ، باشقىلارغا تەھدىت
سالغاندا تەھدىت سېلىۋاتقانلىقىنى سەزدۈرمەيتتى .»
ئاكتانىيەلىك پروسپېل ئۇنى «ئىللىق چىراي» دې-
گەن . لېكىن ، ئاتتىلانىڭ بىر پارچىمۇ ئىشەنچلىك رەسى-
مى قالدۇرۇلمىغان . ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن رە-
سىملەر ئىچىدە ئەينى دەۋردە قويۇلغان تىللادىكى باش رە-



سىمىدىن تارتىپ دىلاكرۇۋا ياكى ۋېلىيام . فۇن . كولباخ
قاتارلىق رەسساملارنىڭ تەسۋىرىدىكى ئاتتىلانىڭ رەسىمى-
گىچە ياۋروپالىقلارنىڭ چىراي ئالاھىدىلىكى ئىپادىلەنگەن .
ئىتالىيەنىڭ پارمادىكى كارت موناستىرىنىڭ سىرتقى تېمى-
دىكى بىر مەرمەر تاشقا بۇ ھۇن تەڭرىقۇتىنىڭ باش سۈرى-
تى قاپارتما قىلىپ ئويۇلغان بولۇپ ، سۈرەتنىڭ
ئاستىغا «Attila, flagellum تەڭرىنىڭ جازاسى» دېگەن مە-
نىدىكى ئېغىشلىما چۈشۈرۈلگەن . بۇ نەچچە ئەسىردىن كې-
يىن كىشىلەر ئۇنىڭغا بەرگەن نامدۇر .

## ھوقۇقنىڭ ئاخىرقى چېكى

447 - يىل 1 - ئايدىكى قاتتىق يەر تەۋرەشتە قۇستەن-
تەنىيەنىڭ كۆپ قىسىم شەھەر سېپىلى ئۆرۈلۈپ كەتكەن .
ئاتتىلا بۇنى شەرقىي رىمغا ھۇجۇم قىلىشنىڭ ياخشى پۇر-
سىتى دەپ قاراپ ، بارلىق ھۇن لەشكەرلىرى بىلەن گېر-
مان بېقىندى ئەللىرىنىڭ قوشۇنىنى يىغىپ كۈچلۈك ھۇ-
جۇم قوزغىغان . ئۇرۇش باشلىنىشتىلا زەربە يېگەن ئاتتىلا
ئەزەلدىن قوللىنىپ كەلگەن تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش
ئىستراتېگىيەسىنىڭ ئەمدى ئۆزىنىڭ غەلىبە قىلىشىغا يار-
دەم قىلالمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن . قوشۇن كۆلىمىنىڭ
بەك چوڭ بولۇپ كېتىپ ، ھەرىكەتلىنىشى بىئەپ بولۇپ
قالغانلىقىنى ئاتتىلا تونۇپ يېتەلمىگەن . ھۇنلار بالقان يې-
رىم ئارىلىدىن بوسفور بوغۇزىغىچە بولغان رايونلارنى بۇ-
لاپ - تالاپ قۇرۇقدىۋەتكەن بولسىمۇ ، بۇ قۇستەنتەنىيە ئاھا-

لىسىنى ۋاقىت جەھەتتىن ئۇتۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىل-
غان . قىسقىغىنا ئىككى ئاي ئىچىدە ئۇلار ئۆرۈلۈپ كەتكەن
سېپىللارنى ئوڭشىۋالغان . بۇ قۇستەنتەنىيەگە ھۇجۇم قىد-
لىپ كەلگەن ھۇنلار ئۈچۈن ئېيتقاندا ناھايىتى خەتەرلىك
ۋەزىيەت ئىدى . شۇنىڭ بىلەن ئاتتىلا دۈشمىنى بىلەن
سۈلھىلىشىشكە كىرىشىپ ، بىرنەچچە يىل سۆھبەتلىشىش
ئارقىلىق ئاخىر كېلىشىم ھاسىل قىلغان . 450 - يىلى
تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالىنىش ئالدىدا تۇرغاندا ، شەرقىي
رىمنىڭ پادىشاھى تېئودوسىئوس ئۆيلەنمىغان يەردىن ئات-
تىن يىقىلىپ چۈشۈپ ئېغىر زەخىملەنگەنلىكتىن ئۆلۈپ
كەتكەن .

تەخت ۋارىسى ماسىيائۇس كۆپ جەڭلەرنى بېشىدىن
كەچۈرگەن تەجرىبىلىك ئادەم بولۇپ ، ئۇ بىرەر تىيىن
بولسىمۇ پۇل تۆلەپ تىنچلىققا ئېرىشىشنى رەت قىلغان .
شۇڭا ئۇ ، ئاتتىلاغا توغرىدىن توغرا ، ئەگەر ئۇرۇش توختىد-
تىشنى خالىسا شەرقىي رىمنىڭ ئۇنىڭغا دوستلۇقنىڭ
سىمۋولى سۈپىتىدە بىر سوۋغا ھەدىيە قىلىدىغانلىقىنى ،
بۇنىڭغا ئۇنىمىسا ، ئۇرۇش ئارقىلىق بەلگىلەيدىغانلىقىنى
ئۇقتۇرغان . بۇ ئاتتىلاغا ئەڭ تونۇش سۆز ئىدى . ئۇ چاغدا
ھۇنلار ئىنتايىن زور قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەن بولۇپ ،
ئاتتىلا بېقىندى ئەللەرنىڭ ياللىنىش راسخوتىنى تۆلەش
ئۈچۈن پۇلغا ناھايىتى ئېھتىياجلىق ئىدى . ئۇ شەرقىي
رىمدىن ئىبارەت بۇ ئالتۇن تېزەكلەيدىغان ئىشەككە بەكلا
كۆنۈۋالغان . شەرقىي رىملىقلار ئەمدى ئۆزلىرىنىڭ گۆر-
كارىغا پۇل بېرىپ كېلىۋاتقانلىقىنى تونۇپ يەتكەن .



بۇ ، قىل ئۇستىدە تۇرغان ، پۈتكۈل ياۋروپاغا ئاپەت
كەلتۈرىدىغان ئۇرۇش بولۇپ ، بۇ ئۇرۇش بىر مۇھەببەت
سۈيىقەستى بىلەن تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كەتكەن . غەر-
بىي رىم پادىشاھى ۋالۇنتىنىئانۇس III نىڭ سىڭلىسى خونو-
رىيە بىر ياساۋۇل بىلەن بۇزۇقچىلىق قىلىپ بويىدا قال-
غان . بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلەنگەن ۋالۇنتىنىئانۇس III
خونورىيەنى شەرقىي رىمدىكى نەۋرە ئاكىسىنىڭ قېشىغا
ئاپىرىۋېتىپ رىجىمغا ئالغان . خونورىيە قېچىپ چىقىشنى
پىلانلاپ ، بىر پارچە خەت بىلەن ئۈزۈكىنى ئاتتىلاغا ئەۋەتىپ
ياردەم قولىنى سۇنۇشنى ئۈمىد قىلغان . خونورىيە ئاتتىلا-
نىڭ ھەرەمدە قانچىلىغان قىزلارنىڭ بارلىقى ياكى گېرمان
كىنەزلىرىنىڭ ئاتتىلا بىلەن تۇغقان بولۇپ قېلىش ئۈچۈن
قىزلىرىنى ئاتتىلانىڭ ھەرەمگە ئاپىرىپ بېرىشلىرىگە پى-
سەنت قىلمىغان . ئۇ پەقەت بۇ يەردىن قېچىپ چىقىشنىلا
ئويلىغان .

ئاتتىلا زۆرۈر بولغان باھانىگە ئېرىشكەن . شۇنىڭ
بىلەن ئۇ غەربىي رىم پادىشاھىغا ئۆزىنىڭ خونورىيەگە
ئۆيلەنگۈسى بارلىقىنى ئۇقتۇرغان ھەم «رىم ئىمپېرىيىسى-
نىڭ يېرىمى» (گاللىيەنى كۆرسىتىدۇ )نى قىز مېلى سۈ-
پىتىدە بېرىشنى سورىغان . بۇ دەل تېئودوسىئوس II
ئالەمدىن ئۆتۈپ ، ماسىيائۇس تەختكە ۋارىسلىق قىلغان
مەزگىل بولۇپ ، بۇ يېڭى پادىشاھ قاتتىق سىياسەت قوللى-
غاندىلا شەرقىي رىمنى قۇتقۇزۇۋالغىلى بولىدىغانلىقىنى
بىلگەن . ماسىيائۇسنىڭ قاتتىق پوزىتسىيەسىدىن ۋالۇنتى-
نىئانوسمۇ بېسىم ھېس قىلغان . شاھ ئانىسى پراسدىيە

(غەربىي رىمنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى ئىدارە قىلغۇچىسى )
كىشى ئەۋەتىپ خونورىيەنى رىمغا قايتۇرۇپ كېلىپ ، خو-
نورىيەنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالمايلا ، ئۇنى مەرتىۋىلىك بىر
كىشىگە ياتلىق قىلىۋەتكەن . ئاندىن ۋالۇنتىنىئانۇس ئاتتىد-
لاغا تەلىپىنىڭ رەت قىلىنغانلىقىنى ئۇقتۇرغان . ئۇنىڭدىن
باشقا، يەنە غەربىي رىم ئاتتىلاغا «رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ
باش قوماندانى » سۈپىتىدە بېرىدىغان شېرىنكانە راسخوتنى
توختىتىۋەتكەچكە ، ئاتتىلا بىر دىنلا قىيىنچىلىقتا قالغان .
بۇنىڭدىن بۇرۇن ئاتتىلانىڭ بارلىق ئارزۇ - ئارمانلىد-
رى ۋە پىلانلىرى ئەمەلگە ئېشىپ ، ئۆزىگە ھەددىدىن زىيادە
يۇقىرى تەمەننا قويۇۋەتكەن . ئۇنىڭ گاللىيەنى قىز مېلى
قىلىپ بېرىش تەلىپى چەكتىن ئېشىپ كەتكەچكە ، رىملىق-
لار تەلىپىنى رەت قىلىپ ، ئۇرۇش تەييارلىقىنى قىلىپ
قويغان .
شۇنىڭ بىلەن ئاتتىلا گاللىيەنى قورال كۈچى بىلەن
تارتىۋېلىشنى قارار قىلىپ ، غەلىبە قىلىشقا ياردەم بېرىدى-
غان سىياسىي ۋەزىيەتكە تېزراق ئېرىشىشنى ئۈمىد قىل-
غان . گاللىيەدە رىمغا قارشى قوزغىلاڭ ئۇزۇلمىگەچكە ،
ئائېتىئۇس قاتتىق قوللۇق بىلەن مۇقىملىقنى ساقلاشقا
مەجبۇر بولغان . ئاتتىلا ئەڭ ياخشىسى رىملىقلار بىلەن
كەسكىن جەڭ قىلىپ كېلىۋاتقان غەربىي گوتلارنى ئۆز
يېنىغا تارتىش ئۈمىدىدە بولغان بولسىمۇ ، بۇ پىلانى ئەمەل-
گە ئاشمىغان .
بۇ چاغدا غەربىي گوتلارمۇ دۈشمەن تەرەپكە ئۆتۈپ
بولغان . غەربىي گوتلارنىڭ پادىشاھى تېئودورىھ چوڭقۇر



ئۆيلانغاندىن كېيىن ، ئائېتىئۇسقا : «رىملىقلار ، ئارمانىڭ-
لارغا يەتتىڭلار ، ئاخىر ئۇتۇقلۇق ھالدا بىزنى ئاتتىلا بىلەن
دۈشمەنلەشتۈردۈڭلار ، ئۇ نەگە بارمىسۇن بىز ئۇنى قوغلاپ
بارىمىز ، ئەگەر ئۇ يەنە بۇرۇنقى غەلىبىلەرگە تەمەننا قو-
يۇپ ، پو ئېتىۋەرسە ، گوتلار بۇ تەكەببۇر كىشى بىلەن بىر
مەيدان جەڭ قىلىش كېرەكلىكىنى بىلىدۇ » دېگەن .
ئاخىرىدا ئاتتىلانىڭ دۈشمەنلىرى قاتارىغا ھەتتا فرانك-
لار ۋە بۇرگوندلارمۇ ئۆتكەن . ئالدىنقى مەزگىللەردە ئۇلار
رىملىقلارنىڭ تۇغ - ئەلەملىرىنى كۆتۈرگەن ھۇنلارنىڭ
شەپقەتسىز قىرغىن قىلىشىغا ئۇچرىغان . ئاتتىلانىڭ ئەڭ
خەتەرلىك دۈشمىنى يەنىلا ئائېتىئۇس بولۇپ ، ئۇ رىمنىڭ
ئۇرۇشخۇمارلىرىدىن ئىدى . ئۇ راۋېننادىكى چېغىدا ئاتتىلا
بىلەن ئاغىنە بولۇپ ئۆتۈپ ، ئۇزاق مەزگىل مۇرىنى مۇرى-
گە تىرەپ ئۇرۇش قىلغان بولسا ، ئەمدى ئەشەددىي دۈشمەن-
لەردىن بولۇشۇپ قالغان . ئىككىيلەننىڭ سىياسىي مەقسد-
تى ئوخشاشمايتتى . ئەشەددىي دۈشمەنلەردىن بولۇشۇپ قې-
لىشتىن ئىلگىرى ئائېتىئۇس ھۇنلارنىڭ ياردىمى ئارقىلىق
رىمدەك كۆپ مىللەتلىك دۆلەتنىڭ پارچىلىنىپ كەتمەسلى-
كىگە كاپالەتلىك قىلغان . ئەگەر ھۇنلارنىڭ ياردىمى بولمى-
غان بولسا ، ئائېتىئۇس شۇ چاغدىلا تۈگەشكەن بولاتتى .
ئەمدىلىكتە ئۇ گوتلارنىڭ ھەربىي ياردىمىگە ئېرىشىش ئۈ-
چۈن سۇيىقەست پىلانلىماقتا . تارىخشۇناس مونسېن : «ئا-
ئېتىئۇس...... ئەمەلىيەتتە غەربىي رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ
40 يىللىق مۇۋەققەت پادىشاھى ، لېكىن ئىنچىكىلەپ قارى-
غاندا ئەھۋالى چاتاق» دەپ يازغان .

ئاتتىلا ئائېتىئۇسقا ئوخشاشلا جەڭگاھتا ھايات - ماماتلىق ئېلىشىدىغانلىقىنى ئويلىغىنىدا ئاززاقمۇ مەيۇسلەنمىگەن . بۇ چاغدا كىشىلەرنىڭ ئېسىگە ئاسانلا ئاتتىلانىڭ قىلچە تەپ تارتماستىن ئاكىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى كېلىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا ، بۇ ئىككىيلەن لەشكەر باشلاپ ئۇرۇش قىلىدىغانلار بولغاچقا ، ئۇلارنىڭ ئويلايدىغىنى كۆز ئالدىدىكى نىشاندىنلا ئىبارەت . ئۇرۇش ئېلان قىلىش - قىلماسلىق ئاتتىلاغا باغلىق بولۇپ قالغان ، ئەمما ئۇنىڭ چېكىنىش يولى قالمىغان ئىدى . بىر قېتىملىق كىچىككىنە ھەربىي ھەرىكەت بىلەن چۆنتەكنى تولدۇرۇۋالغىلى بولىدىغان دەۋر ئەمدى كەلمەسكە كەتكەن ئىدى .

## كاتالونىيان ئۇرۇشى

451 - يىل 2 - ئايدا كۆپ دۆلەت قوشۇنلىرى ئاتتىلانىڭ رەھبەرلىكىدە رېيىن دەرياسىغا يېتىپ كەلگەن . قېيىق - قولۋاق ياساش ئۈچۈن ئەتراپتىكى ئورمانلارنى كېسىپ تۈگەتكەن . ئاتلىق ۋە پىيادە لەشكەرلەر قېيىق - قولۋاق بىلەن رېيىن دەرياسىدىن ئۆتكەن . ئاتتىلا تەرەپتە تۇرغان گېرمان ئىتتىپاقداشلار رىملىقلار بىلەن بولىدىغان بىر مەيدان زور ئۇرۇشنى كۈتۈپ تۇرۇشقان . شەرقىي گوتلار تېئودومىلىنىڭ باشچىلىقىدا باسىل بىلەن كولمارنى بىتچىت قىلغان . گېپىتلار ئادارىسىنىڭ باشچىلىقىدا ستراسبۇرگ ، سپېيېر ، ۋورمىس ۋە مايىنتسنى ئىگىلىۋېلىپلا ، شەرققە قاراپ قوشۇن تارتقان . ئاتتىلا مېتسنى بۇلاپ-



تالاپ قۇرۇقداپ قويغان . بۇ كۈن پاسخا بايرىمى بولغان دۈشەنبە كۈنى سۈپىتىدە تارىخقا ئېنىق يېزىلغان . ئارقىدىن ھۇنلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى «يەھىيا ئەلەيھىسسالام بېشارەتلىرى» دىكى چەۋەندازلاردەك ، قىلچە قارشىلىق ئىقتىدارى بولمىغان رېيمس ، رۇئېن ۋە كائونغا ھۇجۇم قىلغان .

رېيمسنىڭ كاردىنالى ھۇنلارنىڭ شەھەرگە چېقىلماسلىقىنى ئىلتىجا قىلىپ «تەۋرات» نى قىرائەت قىلغىنىچە قولىدا پەيغەمبەر قاچىسى تۇتۇپ ، ئۇستىگە روھانىيلىق رىداسىنى كىيگەن ھالدا ھۇنلارنىڭ ئالدىغا بارغان ، ئۇنىڭ قىرائىتى تامام بولغۇچە كاللىسى يەرگە چۈشكەن .

پارىژ شەھىرىنىڭ ھىماتى ئىلاھى بولغان كىنوۋېۋا سېنا دەرياسىنىڭ بويىدىكى بۇ شەھەر ئاھالىسىنىڭ شەھەردىن ئايرىلماسلىقىنى ئۆتۈنگەن . ئۇ دۈشمەنلەرنىڭ تەقۋادارلارنىڭ مۇناجاتى ۋە ئىبادىتى بىلەن چېكىنىپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن . ئاياللار چېركاۋغا يوشۇرۇنغان . رىۋايەت قىلىنىشىچە ، كىنوۋېۋا ئاپپاق كىيىنىپ ئاتتىلانىڭ ئالدىغا بېرىپ ، ھۇنلارنىڭ ھالاكىتىدىن بېشارەت بېرىپ ، «ۋىجدانىڭ ئۆرتەنگۈدەك ئەيىبلىنىپ ، ئاتلىق لەشكەرلىرىڭ ، جەڭ ھارۋىلىرىڭ ، ئادەملىرىڭ ۋە ئەگەشكۈچىلىرىڭنى ئېلىپ قىيقاس - سۈرەن سېلىشقىنىڭچە شەرققە چېكىنىسەن» دېگەن ئىمىش .

ئىستراتېگىيە جەھەتتىن ئويلىنىلغان دېگەندىمۇ ، مۆجىزە يۈز بەرگەن . دېمەك ، ئاتتىلا يول قويغان . بەلكىم ئۇ ئائېتىئۇس ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقدىشى غەربىي گوتلارنىڭ

زور قوشۇنى جەنۇب تەرەپتىن قەدەممۇقەدەم قىستاپ كېلىد-
ۋاتقانلىقتىن ، بىر شەھەرگە ھۇجۇم قىلىمەن دەپ كۈچىنى
خورىتىشۋېتىشنى خالىمىغان بولسا كېرەك . ئۇ پارىژغا ھۇ-
جۇم قىلىشتىن ۋاز كېچىپ ، ئورلېئانغا قاراپ يۈرۈش
قىلىۋەردى . لېكىن ، ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىنى تەسەۋۋۇر
قىلىش قىيىن ئىدى . 5 ـ ئايدا ئورلېئاننى قورشاپ كەس-
كىن جەڭ قىلىش ئارقىلىق 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرى پەتھى
قىلدى . ھۇنلار ئۆز غەلبىسىنى قۇتلۇقلاۋاتقاندا ، بويسۇن-
دۇرۇلغان ئاھالىلەر تۇيۇقسىز ئائېتىئۇسنىڭ ئورلېئانغا
قوشۇن باشلاپ يېتىپ كەلگەنلىكىنى تەنتەنە قىلىشتى .
شۇنىڭ بىلەن شەھەر سىرتىدا بىر مەيدان جەڭ بولۇپ ،
نەتىجىدە ئاتتىلا يېڭىلىپ قالدى . ئىككى تەرەپ سۆھبەتلى-
شىپ ، ئائېتىئۇس ئاتتىلانىڭ شەخسىي ئەركىنلىكى ۋە
بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدىغان ، لېكىن ئالانلارنىڭ
ھۇنلارغا ئەگىشىپ شەرقىي شىمالغا چېكىنىپ كېتىشىگە
بولمايدىغانلىقىنى شەرت قىلدى . ئاتتىلا مەغلۇبىيەتتىن
كېيىن ئامان قالغان قوشۇنىنى قايتا تەرتىپكە سېلىش ئۈ-
چۈن ئىستراتېگىيە جەھەتتىن مۇرەسسە قىلىپ ، بۇ شەرتنى
قوبۇل قىلدى . ئاتتىلا بۈگۈنكى فرانسىيەنىڭ يورنى دەريا-
سى بىلەن ئەيسنى دەرياسىنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان شام-
پانىيە رايونىدىكى تۈزلەڭلىكتە قوشۇنلىرىنى يىغدى .
ئاتتىلا كۈكېلىتتىكى يايلاقتا بارگاھ تىكتى . ھازىرمۇ
كىشىلەر شامپانىيە رايونىدا بۇ چەمبەرسىمان تامنى ئۇچرى-
تالايدۇ . ئاتتىلا ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى نەچچە ئايلىق سەپەر
جەريانىدا يول بويىدىكى شەھەرلەرنىڭ چىركاۋ ۋە موناس-



تىرلىرىدىنمۇ سانسىز بايلىقلارنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغان .
رىملىقلار گاللىيە لەشكەرلىرىنىڭ كۈچلۈك قوللىشى بى-
لەن يەنە ھۇجۇم قىلماقچى بولغاندا ، ئاتتىلا بۇ بايلىقلارنى
قانداق قىلىپ بىخەتەر يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسىدە
ئىلاجسىز قالغان . لېكىن ، بۇ چاغدا بىر مەيدان ھەل
قىلغۇچ ئۇرۇش ئۇنى كۈتۈپ تۇراتتى .

بىر مەيدان قانلىق ئۇرۇش باشلاندى . ھەممەيلەنگە
مەلۇم بولغىنىدەك ، گېپىتلار ئاتتىلانىڭ سادىق ئىتتىپاق-
دىشى ئىدى ، ئۇلارنى فرانكلار كەڭ كۆلەمدە قىرغىن
قىلىپ ، ئالاھەزەل 16 مىڭ ئادىمىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن . بۇ
بىر شۇم باشلىنىش ئىدى . قانلىق قىرغىنچىلىقتىن كې-
يىن ئاتتىلا قوشۇنىنى توپلىدى . ھۇنلار بىلەن شەرقىي
گوتلار شەرق تەرەپتە ، ھايات قالغان گېپىتلارنى ئۆز
ئىچىگە ئالغان باشقا ئىتتىپاقداشلار غەرب تەرەپتە ئىدى ،
ئائېتىئۇس بولسا يان تەرەپنى ساقلاۋاتاتتى . ھۇنلار بىلەن
سىغىشمايدىغان بۇرگوندلار غەربىي گوتلارنىڭ ئاتلىق لەش-
كەرلىرىنىڭ ياردىمىدە ئاتتىلانى قەدەممۇقەدەم قىستاپ
كەلدى . شۇنداقتىمۇ ھەر ئىككى تەرەپنىڭ تەلىيى ئوڭدىن
كەلمىدى .

تارىختا كىرگۈزۈلگەن «كاتالونىيانىدىكى دالا ئۇرۇ-
شى»دا ، ئىككى تەرەپنىڭ ئۇرۇشۇش ئەھۋالىنى جوردانىس
مۇنداق تەسۋىرلىگەن : «ئۇ چوقۇم كىشىنى ھەيرەتتە قال-
دۇرىدىغان مەنزىرە ئىدى . نەيزە بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان
گوتلار ، ئېغىر جەڭ ھارۋىسىنى ھەيدىگەن سارماتلار ، قەھ-
رى بىلەن قىلىچ ئوينىتىۋاتقان گېپىتلار ، چەبدەس سىۋې-

دىنلار، ئۇقىياسىنى كۆز - كۆز قىلىۋاتقان ھۇنلار، ئېغىر ساۋۇت كىيگەن ئالانلار، يېنىك قوراللانغان ھەلۇللار بار ئىدى». لېكىن، تارىخشۇناسلار بۇ زور قىرغىنچىلىقنىڭ يالغان - ياۋىداقلاردا ئېيتىلغاندەك شالونس - سۇر - مارنې - دىكى كاتالونىيان تۈزلەڭلىكىدە يۈز بەرگەن بولماستىن، ترويېس شەھىرى ئەتراپىدىكى ماۋرىياكوم دېگەن كەنتتە يۈز بەرگەنلىكىنى بايقىغان. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇ - رۇشنىڭ تۈنجى كۈنى كەچتە ئوب دەرياسى يارىدارلارنىڭ قېنى بىلەن قىپقىزىل بويالغان. شامپانىيە رايونى ياۋروپا - نىڭ قۇشخانىسىغا ئايلىنىپ، يەر چىلىق - چىلىق قان بولۇپ كەتكەن، ئەتراپىنى ئىس - تۈتەك قاپلاپ، جەسەت كۆيدۈرۈش مەيدانىغا ئوخشاپ قالغان، ھەممە ياقتا جەسەت - لەر چېچىلىپ ياتقان بولۇپ، ئەتراپ ئادەتتىن تاشقىرى جىمجىتلىقتا چۆمگەن. ئۇرۇشتا 150 مىڭ ئادەم ئۆلگەن. ھەتتا بەزىلەر ئۆلگەنلەرنىڭ سانى 500 مىڭغا يەتكەن دېيىـ - شىدۇ. فرانسىيەلىك يازغۇچى ۋىكتور ھيوگو: «ھۇنلار بۇ يەردە شامپانىيە (رايونى) تەرىپىدىن يوتۇۋېتىلگەن» دەپ يازغان. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ھەر يىلىنىڭ بۇ كۈنى - دە جەڭگاھتىن كېلىدىغان قىر - چاپ ساداسى ۋە يارىدار - لارنىڭ ئىڭرىغان ئاۋازى ئاڭلىنار ئىمىش.

[illegible] رىملىقلار بىلەن غەربىي گوتلار، گېپىتلار بىلەن ھۇنلار جەڭدە ئۆلگەن سەپداشلىرىنى كېچىچە كۆمگەن. ئىككى تەرەپنىڭ لەشكەرلىرى ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن. تاڭ ئاتارغا يېقىن، ھۇنلار قىلىچى بىلەن بىر چوڭ ئازگال كولاپ، قوللىرى بىلەن لايلارنى تاتىلاپ چىقارغان، ئاندىن



كۆن بىلەن ئورالغان ياغاچ ئېگەرلىرىنى دۆۋىلەپ گۈلخان ياققان. ئاتتىلا لەشكەرلەر ئالدىدا كىشىنى ھاياجانغا سالىـ - دىغان نۇتۇق سۆزلەپ، ئۆزىنىڭ كۆيۈپ ئۆلسىمۇ دۈشمەن - گە تەسلىم بولمايدىغانلىقى ھەققىدە قەسەم قىلغان. ئەمما، ۋەزىيەت ئۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتمىگەن. ئەينى چاغدىكى ئەڭ زور ئۇرۇش ھېچقايسى تەرەپنىڭ يېڭىلمەسلىكى بىلەن ئاخىرلاشقان. [illegible] رىملىقلارنىڭ ئىتتىپاقدىشى بولمىش غەربىي گوتلار - نىڭ پادىشاھى تېئودورىك جەڭدە ئۆلگەن. شۇنىڭ بىلەن غەربىي گوتلار پادىشاھىنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ جەڭگاھتىن چېكىنگەن. رىۋايەت قىلىنىشىچە، تېئودورىكنىڭ جەسىتى كاتالونىيان ئەتراپىدىكى بىر ئورمانلىقتا دەپنە قىلىنغان ئىمىش. يەرلىك ئاھالىلەر بۇ قويۇق ئورمانلىقنى «تېئو - دورىك قەبرىستانلىقى» دەپ ئاتايدىكەن. بۇ يەردىن ئانچە يىراق بولمىغان بۇسبۇرگ كەنتىدىكى تۈزلەڭلىكتە كىچىك بەش دۆمبەل چوقچىيىپ تۇرىدۇ. يەرلىكلەرنىڭ ئېيتىشىـ - چە، بۇ بەش دۆمبەل شۇ قېتىملىق ئۇرۇشتا ئۆلگەن سەر - كەردە - لەشكەرلەرنىڭ سۆڭەك دۆۋىسىدىن پەيدا بولغان ئىكەن.

ئاتتىلا بۇ قېتىمقى جەڭدىن كېيىن نېمە قىلىشنى پىلانلىمىغەن، شۇنىڭ بىلەن شامان باخشىنىڭ بېشارىتىگە چىنپۈتكەن، ئۇ ھەتتا قوشۇنىنى قايتا زەربىلەپ سالماستىن رېيىن دەرياسىدىن ئۆتۈپ، پاننونىيەگە چېكىنىشكە پەرمان چۈشۈرگەن. رىملىقلار دۈشمىنىنىڭ چېكىنگىنىنى كۆ - رۈپ، ئۇرۇش توختىغانلىقىنى ئېكىتىلىگەي تۇرۇپلا تەنتەنە

قىلىشنى باشلىۋەتكەن .

ئاتتىلانى چېكىنىشكە قىستىغان نەرسە ئاشۇ بىر بېشارەتلىمۇ ؟ ھەربىي ئىشلار نۇقتىسىدىن قارىغاندا ، ئىككى خىل ئېھتىماللىق بار . يا بارلىق كۈچى بىلەن ئاخىرقى قېتىم ھۇجۇم قىلغان ، ياكى بۇلاپ كەلگەن ئولجىلارنى خېيىمخەتەرگە ئۇچراتماسلىق ئۈچۈن ئىستراتېگىيەلىك چېكىنگەن . ئاتتىلا ئىككىنچى ئېھتىماللىقنى تاللىغان. ھەتتا ئائېتىئۇسمۇ ئاتتىلانىڭ چېكىنگەنلىكىدىن قاتتىق ھەيران قالغان . ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن بۇ قوشۇنغا يەنە بىر قېتىم زەربە بەرگەن بولسا ، بەلكىم ھونلار ئاسانلا ياۋروپانىڭ تارىخ سەھنىسىدىن ئەبەدىي قوغلىنىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى ، ئەمما ئائېتىئۇس ئۇنداق قىلمىغان . ئۇ بەلكىم بۇ يايلاق مىللىتى رىملىقلارغا تەھدىت سېلىپ كېلىۋاتقان گېرمانلارنى — مەيلى ئۇلار ھۇنلارنىڭ بېقىندىسى ياكى كۈشەندىسى بولسۇن ، تىزگىنلەپ تۇرالىشى مۇمكىن دەپ ئويلىغان .

## ھالاكەتكە يۈزلىنىش

ئەگەر ئاتتىلا گاللىيىنى تالان - تاراج قىلغاندىن كېيىن ، چېكىنىش يولى بىلەن ئۆز مەغلۇبىيىتىنى ئېتىراپ قىلدى دېسەك ، بۇ ئار - نومۇسنى يۇيۇش ئۈچۈن ئىككىنچى يىلى رىمغا قايتا قوشۇن تارتتى . بۇ چاغدا ئۇ ئۆتكەن قېتىم تارتقان زىيانلارنى ئۇنتۇپ كەتكەنىدى . ئاتتىلانىڭ قىشنى كۈنى قىسقىغىنا ۋاقىتتا يەنە بىر قېتىم لەشكەرلىرىنى



توپلىيالىشى كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى .قارىغاندا ئۇ دەتتىلكام دەپ ئوتتۇرىغا چىقماقچى بولغاندەك قىلاتتى .ئائېتىئۇسمۇ بۇ قايتىدىن تەشكىللەنگەن ھۇنلارنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى ھېس قىلىپ يەتكەنىدى .بىر يىل ئىلگىرى گاللىيىگە ھۇجۇم قىلغاندەك ،شەرقتىن كەلگەن بۇ بوران - چاپقۇن ئىتالىيىنىڭ شىمالىغىمۇ تەسىر كۆرسەتتى.

ئاكۇيلپىيە ئەسلىي بۈگۈنكى ۋېنېتسىيەگە يېقىن تىنچ ھەم گۈزەل شەھەر بولۇپ ، 200 مىڭ ئاھالىسى بار ئىدى ، ئەينى چاغدا «شىمالدىكى رىم » دەپ نام ئالغان . ھۇنلار ئاۋۋال شەھەرنى قورشىۋېلىپ ، ئاچارچىلىقتا قالغان شەھەر خەلقىنى تەسلىم بولۇشقا قىستىغان ، ئاندىن شەھەرنى كۈچىنىڭ بارىچە ۋەيران قىلغان ، ھەتتا شەھەر سېپىلىنىڭ ئۇلىنىمۇ چۇۋۇۋەتكەن . بۈگۈنكى كۈنلەردىمۇ كىشىلەر قەدىمكى پورت ئەسلىھەلىرى ، قەدىمكى رىم مەيدانىنىڭ خارابىسىنى ۋە بەزى قۇرۇلۇشلارنىڭ قايتا ياسالغان ئۇلىنى كۆرگەندە ، ئىستىلاچىلارنىڭ ئاشۇنداق بۇزغۇنچىلىقىنى ھېس قىلالايدۇ .

ئاكۇيلپىيەدىكى بىر قىسىم ھايات قالغان ئاھالىلەر ھۇنلارنىڭ ئاتلىق لەشكەرلىرى كىرەلمەيدىغان دېڭىز بويىدىكى سازلىقلار ۋە كۆللەرگە بېرىۋالغان . ۋېنېتسىيە شەھىرىنىڭ قۇرۇلۇش تارىخىدىمۇ بۇ ئىش خاتىرىلەنگەن . ھايات قالغانلار ئاكۇيلپىيەدىن ئامان - ئېسەن قېچىپ چىققاندىن كېيىن ، «Veni etiam» ( «مەنمۇ كەلدىم» ) دەپ ۋارقىراشقان . كېيىنچە «Veni etiam»دىن «Venezia» يەنى «ۋېنېتسىيە» دېگەن سۆز ياسالغان .

پاۋىيە ئىشغال قىلىنغان، ۋېتىنىسا ۋەيران قىلىنغان،
ۋېرونا، مانتۇۋا ۋە مىلان تالان-تاراج قىلىنىپ قۇرۇقداپ
قويۇلغانىدى. ھۇنلار شەپقەتسىزلەرچە قىرغىنچىلىق قىلات-
تى. ئاھالىلەر قېچىپ كېتىپ، يەرلەر ئاق قالغاچقا،
ئاچارچىلىق باشلانغان. ھۇنلارنىڭ ئىككىنچى ھۇجۇم نىشا-
نى مۇقەددەس شەھەر رىم بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى
نىشانى ئىدى. بۇ چاغدا ئاتتىلانىڭ رەقىبى ئائېتىئۇسنىڭ
يەنە بىر قېتىم بەختسىزلىك ئىچىدە ئامىتى كېلىپ قال-
غان: ئائېتىئۇس ئۇزاقتىن بېرى كۈتكەن شەرقىي رىمنىڭ
ياردەمچى قوشۇنى يېتىپ كەلگەندە، ھۇنلار ئارىسىدا بەز-
گەك تارقالغان. لەشكىرىي كۈچى ئاجىزلىغان بولسىمۇ،
ئاتتىلا يەنىلا يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم دەپ ئوتتۇرىغا چىققان.
ئۇ ئىلگىرىكىدەك لەشكىرىي كۈچى بىلەن غەلىبە قىلماقچى
بولغان بولسىمۇ، ئاخىر يەنىلا سۆھبەتكە قاتناشقان.

452-يىلى ئىككى خىل دۇنيانىڭ ۋەكىللىرى ئۇچ-
راشقان. پاپا لېئو I رىم ۋە خرىستىيان دۇنياسىغا ۋەكىل
بولۇپ، ئاتتىلا ياۋايى قەبىلىلەر بىلەن خرىستىيان دىنىغا
ئىشەنمەيدىغان غەيرىي دىندىكىلەرنىڭ داھىيسى سۈپىتىدە،
كېيىنكى تارىخلاردا ئىلاھىيلاشتۇرۇۋېتىلگەن ئۇچرىشىش
ئېلىپ بارغان. كادىل كۆلىدىن يىراق بولمىغان مىنكيو
دەرياسى بويىدا ئاتتىلا رىم پادىشاھىنىڭ ئەلچىسىنى قوبۇل
قىلغان. پاپا لېئو I ئىنتايىن يۇقىرى سۆھبەت ماھارىتى
بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئاتتىلانى ئۆز پىلانىدىن ۋاز
كېچىشكە كۆندۈرگەن. ئۇنى كېيىنكى كىشىلەر ھۆرمەت
بىلەن «ئۇلۇغ شەخس» دەپ ئاتاشقان. رىمنىڭ تالان-



تاراج قىلىنماسلىق شەرتى بىلەن، ئۇلار ئىتالىيەنىڭ شى-
مالىدىكى شەھەرلەردىكى ئىبادەتخانا، چېركاۋ ۋە موناس-
تىرلاردىكى زور بايلىقلارنى ئاتتىلاغا بېرىۋەتكەن. ئىككى
تەرەپ ئەسىر ئالماشتۇرۇشقا كېلىشكەن بولسىمۇ، رىم
تەرەپ پەقەت سەركەردە - سەرۋازلارنىلا ئالماشتۇرالى-
غانلىقتىن، ھۇنلارغا ئەسىر چۈشكەن ئاياللار، بالىلار ۋە
شەخسىي ئەركىنلىكى بولمىغان كىشىلەر ھۇنلارغا قۇل
بولۇپ كەتكەن.

ئاتتىلا سىپايىگەرچىلىك بىلەن ھەيۋە كۆرسەتكەن.
سۆھبەت جەريانىدا ئۇ ئاتتىن چۈشمىگەن، ھەم پاپانىمۇ ئۆ-
زىدەك ئاتقا مىنىپ تۇرۇپ سۆھبەتلىشىشكە مەجبۇرلىغان.
كېيىنكىلەرنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، پاپا لېئودىن چاقنىغان
خرىستىيان دىنىنىڭ نۇرى ۋە شۇ چاغدا كۆكتە كۆرۈنگەن
ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى شاگىرتى پېتىرىس بىلەن
پائۇل ئاتتىلانى بويسۇندۇرغان ئىمىش. ئاتتىلا تۇۋا - ئىس-
تىغپار ئېيتىپ، خرىستىيان دىنىغا بەيئەت قىلىپ، دىنغا
كىرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزگەن ئىمىش.

## ئۆلۈم ۋە ئىلاھىيلاشتۇرۇلۇش

ئاتتىلا تالان - تاراج قىلىپ ئېرىشكەن سانسىز ئولجا-
لار بىلەن پاپا ھەدىيە قىلغان نۇرغۇن سوۋغاتلارنى ئېلىپ
پاننونىيەگە قايتتى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئىلگىرى ھونورىيەگە
ئاشىق بىقارار بولدۇم دەپ يۈرگەن ئىشق ئوتىدىن ئەسەر-
مۇ قالمىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىشقى باشقا بىر گېرمان

كىنەزىنىڭ قىزىغا يۆتكەلگەن. ئۇ قىزنىڭ ئىسمى شەرىپى ئىلدىكمۇ ياكى ھىلدىكمۇ بولۇپ، ئەدەبىي ئەسەرلەردە كرىنھىلد دېيىلگەن.

ئاتتىلانىڭ ھاياتىدىكى ئاخىرقى كومېدىيىلىك سەھنىلەر باشلانغان، بۇمۇ شېئىر - قوشاق، ھېكايە-رومان، دراما-كىنولارنىڭ دائىملىق خام ماتېرىيالى ئىدى. گوتلارنىڭ ئېپىسكوپى جوردانىس: «توي مۇراسىمى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ئاتتىلا شىر كەيپىلىكتە ئۇخلاۋاتقاندا، ئۇنىڭ بۇرنىدىن قان كەتكەن، قان سىرتقا ئاقماي، بوغۇزىغا تىقىلىپ تىنالماي ئۆلگەن. ئەتىسى سەھەردە ياساۋۇللار ھەرەمدىن ھېچ شەپە ئاڭلانمىغانلىقتىن خاتىرجەمسىزلىنىپ ھەرەمگە بۆسۈپ كىرگەن، قارىسا ئاتتىلا ئۆزىنىڭ قېنى ئىچىدە ئۆلۈك ياتقان، ھېچقانداق سىرتقى زەخىم تاپالمىغان. كېلىن يەنىلا لىباسىنى ئارتقىنىچە، بېشىنى ساڭگىلىتىپ يىغلاپ ئولتۇرغان» دەپ بايان قىلغان. بۇ كېچە زادى نېمە ۋەقە يۈز بەرگەنلىكىنى ھېچكىم ئېنىقلىيالمىغان. ئاتتىلانىڭ ھاياتىغا دائىر رىۋايەتلەر كۆپ بولۇپ، 453 - يىلى ئۇنىڭ توي كېچىسى سىرلىق ھالدا كېلىنچەكنىڭ قۇچىقىدا ئۆلۈپ كېتىشى ئەينى چاغدا كىشىلەرنىڭ ھەر خىل قىياس - تەسەۋۋۇرلىرىنى قوزغىغان. بەزىلەر، ئۇلار بىرگە بولغاندىن كېيىن، بۇ گېرمان قىز ئاتتىلاغا خەنجەر تىقىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن دېيىشكەن. شەرقىي رىمنىڭ 6 - ئەسىردىكى سالنامىچىسىمۇ مۇشۇنداق قاراش بار. لېكىن، بۈيۈك مىللىي كۆچۈش دەۋرىدىكى مەلۇماتلار ئەمەلىيەت بىلەن مۇخالىپ تۇرسا، بۇ رىۋايەت-



تىن يەنە نېمىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ؟ نەچچە يۈز يىللاردىن كېيىن مەيدانغا چىققان، گېرمانىيەنىڭ دۆلەت داستانى دەپ ئۇلۇغلانغان «نىبېلۇنگېن قوشىقى» ھەقىقەتەن ئىشەنچلىكمۇ؟

بۇ رىۋايەتتىكى بۇرگوندلارنىڭ 435 - ، 436 - يىللىرى رېيىن دەرياسى بويىدا يوقىتىلىشى كاتالونىيادىكى ئۇرۇش ۋە ئاتتىلانىڭ تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇرگوندلاردىن بولغان كرېنھىلد رېيىن دەرياسى بويىدىكى ئۇرۇشتا ئۆز مىللىتىنى يوقىتىۋەتكەن ئېتىلدىن قىساس ئالغان دېيىلگەن.

V ئەسىردىكى بەزى مىللەتلەرنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئوخشاش بولمىغان ۋەقەلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈش ۋە ئوخشاش بولمىغان مەنپەئەتكە ئىنتىلىش تۈپەيلىدىن بۇ مىللەتلەر ئىچىدە ئاتتىلانىڭ رەھىمسىز قاراقچى ۋە تەڭرىنىڭ ئىنسانلارغا بەرگەن ئاپىتى؛ تالانتلىق سىياسىيون ۋە كۆپ مىللەتكە رەھبەرلىك قىلغان تەڭرىقۇت؛ ئاق كۆڭۈل ھۆكۈمران دېگەندەك ئۈچ خىل تىپىك ئوبرازى بارلىقى بايقالغان. تارىخىي ئەمەلىيەتلەر ئۇنتۇلغانسېرى، خەلق ئارىسىدىكى رىۋايەتلەر ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ رىۋايەتلەر تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ ئىنسانىيەت پىسخىكىسىدا بارلىققا كەلتۈرگەن ئاقىۋىتى ۋە رولىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. «نىبېلۇنگېن قوشىقى»دا، دېيتېرىچ. ۋون. بېرن ھەققىدىكى رىۋايەتلەردە ھەم «ئېددا»غا مۇناسىۋەتلىك شىمالدا تارقالغان كىتابلارنىڭ نۇسخىلىرىدا ئاتتىلانىڭ ئوبرازى تارىختا بېكىتىلگەن ئوبراز بىلەن زور پەرقلىنىدۇ.

ۋېنگرىيەلىك ستېفان. بۇ ناۋېلىدا ئېلان قىلغان ھۇنلار ھەققىدىكى بىر ماقالىسىدە «قاشقىراق، ئەمما مەردانە ئېتىل (يەنى ئاتتىلا) نىڭ گېرمانىيىلىكنىڭ قەھرىمانلىق داستانىدىكى ئاساسلىق پېرسوناژ بولۇپ قېلىشى، نۇرغۇن گېرمان پادىشاھلىرى ۋە كىنەزلىرىنىڭ دوستى بولۇپ قېلىشى تاسادىپىي ئەمەس. رىۋايەتتىكى ئاتتىلا ئاساسلىق پېرسوناژ، ئۇ بەك زالىم ھەم ئالتۇنغا ئالاھىدە ھېرىسمەن قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. ئۇنىڭ چوڭ ئىشتىياقىدا-شى بىلەن كىچىك ئىشتىياقىدىكى تۈپتىن ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل ئەسلىمىسىدىن ئاتتىلانىڭ ھەققىي ئوبرازىغا ئېرىشەلەيمىز» دەپ يازغان.

گەرچە ھۇنلار دەۋرىدىكى ئورۇشتىن «نىبېلۇڭگېن قوشىقى» يېزىلغىچە بولغان ئارىلىقتا 700 يىل ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، نۇرغۇن تارىخ ھەۋەسكارلىرى، بولۇپمۇ بايلىق ئىزدىگۈچىلەر يەنىلا بۇ داستاننىڭ ئىشەنچلىك يېرى بار دەپ قارايدۇ. ئۇلار بۇ كىتابتىن، غەزەپلەنگەن ھاگېننىڭ نىبېلۇڭگېندىكى بايلىقنى قەيەردىكى سۇغا چۆكتۈرۈۋەتكەنلىكىنى تېپىۋالغۇسى بار ئىدى. كىرىمھىلد. سىگفرىد ئۆلگەندىن كېيىن قىساس ئېلىش ئۈچۈنلا ئەمەس، بايلىق ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگەنمۇ؟ ئالتۇنغا ئامراق ئېتىلنىڭ ئاتتىلا دېگەن ئىسىم بىلەن بۇ ياش تۇل خوتۇننى ئېلىپ، ئۇمۇ شۇنداق ئۇسۇل بىلەن. پىيىشى بۇ رىۋايەتنىڭ مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن كېلەمدۇ؟ مانا شۇنىسى تارىخشۇناس ۋە بايلىق ئىزدىگۈچىلەر ھازىر يۈرەك. ياكوب «مىنىكچە» نىبېلۇڭگېن قوشىقى «نوقۇل بىر قوشاقلا بولماستىن، بەلكى ھەققىي



ھېكايىنىڭ رىۋايىتىدۇر» دەيدۇ. ياكوب نىبېلۇڭگېننىڭ بايلىقلىرىنى قوغلىشىشنى ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك ۋەزىپىسى قىلىپ، «نىبېلۇڭگېن قوشىقى» دا ھاگېننىڭ بايلىقلارنى راين دەرياسىغا چۆكتۈرۈۋېتىشىدىكى مەقسەت بۇ بايلىقلارنى يەنە ئۆزى ئىشلىتىش ئۈچۈندۇر، دېيىلگەن. دېمەك، ئۇ (ھاگېن) بايلىقلارنى شۇڭغۇۋالماقچى دېگەن. ياكوب «نىبېلۇڭگېن قوشىقى» دا تىلغا ئېلىنغان سىملوخ دېگەن جاي بۈگۈنكى راين دەرياسى بويىدىكى كەئىنسخوم ئەتراپىدىكى لوخخومدۇر، دەپ قارايدۇ.

ئۇرۇش يىللىرىدا كىشىلەر كۆپ ھاللاردا دۆلەت پۇلىنى ئالتۇن، كۈمۈش ياكى ياقۇت شەكلىدە بىخەتەر جايغا قويۇپ قويۇشقان. ئۇ بايلىقلار بىلىپ قەستكە ئۇچرىغان چاغدىكىدەك كۆمۈۋېتىلگەنمۇ ياكى «نىبېلۇڭگېن قوشىقى» دا يېزىلغاندەك سۇ تەكتىگە چۆكتۈرۈۋېتىلگەنمۇ؟

## قورقۇنچلۇق قۇربانلىق

ھۇنلارنىڭ دەپنە مۇراسىمى قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرقىي ئاسىيا ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغان بولۇپ، ھۇنلار دەۋرىدىن بۇرۇنقى ۋە دەسلەپكى قەبرىلەر «قورغان» (شەرقىي ياۋروپا ۋە غەربىي سىبىرىيەدىكى يۇمىلاق ئېدىرسىمان قەبرە) دەپ ئاتىلىدىغان ئۆي شەكىللىك لەھەتتىن تۈزۈلگەن. ئارخېئولوگلار موڭغۇلىيەنىڭ شەرقىدىن تارتىپ رۇسىيەنىڭ جەنۇبى ۋە ئۇكرائىناغىچە بولغان كەڭ رايونلاردىن بۇ شەكىلدىكى لەھەتلەرنى تاپتى. بۇ لەھەتلەر

ئوتتۇرا ئاسىيا ئېگىزلىكىدىكى ئۇزاقتا سوزۇلىدىغان سوغۇقتا ناھايىتى ئوبدان ساقلانغان. بۇنىڭ ئىچىدىكى كۆپ قىسمى سىكەنتلەرگە تەۋەدۇر. سىكەنتلەرنىڭ نامىنى ئەڭ ئاۋۋال گىرېكلار تىلغا ئالغان. گىرېكلار شەرقىي ياۋروپانىڭ شەرقىي بىلەن كاۋكاز تاغلىرىنىڭ شىمالى ئوتتۇرىسىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدىغان مىللەتلەرنى سىكەنتلەر دەپ ئاتىغان. ئۇلار يەنە دەسلەپكى مەزگىلدىكى بىر قىسىم ھۇن قەبىلىلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. شۇڭا، ئالىملار سىكەنتلەر ھەققىدىكى تەسۋىرلەردىن ھونلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ دەپ قارايدۇ.

بىز موڭغۇلىيە ئېگىزلىكىدە بىر «قورغان»نى ئېكىسكۇرسىيە قىلدۇق. بۇ 8 — 10 كىۋادرات مېتىر كېلىدىغان لەھەتنىڭ چوڭقۇرلۇقى تۆت مېتىردەك كېلىدىكەن. تام ۋە تورۇس ئەسلىي مەزمۇت لىم بىلەن تىرەلگەن بولۇپ، ياغاچ قوزۇق بىلەن زىننەتلەنگەن. ياغاچ قۇرۇلمىنىڭ ئۈستىگە لاي بىلەن تاش دۆۋىلەنگەن. جەسەتكە كىيىم كىيدۈرۈلگەن بولۇپ، قورال بىلەن قوشۇپ دەپنە قىلىنغانىكەن. سىكەنتلەر ئۆلگۈچىنىڭ ئاخىرەتتىكى تۇرمۇشى ئۈچۈن ئاتنىمۇ قوشۇپ دەپنە قىلىدىكەن.

گىرېك تارىخشۇناس ھىرودوت بىر سىكەنت ئاقسۆڭەكنىڭ دەپنە قىلىنىش ئەھۋالىنى تەپسىلىي بايان قىلغان: «كىشىلەر قەبرە يېنىدا تۇرۇپ جوتو بىلەن ئاتنىڭ بېشىغا كۆچەپ ئۇرىدىكەن. ئاندىن ئارغامچا بىلەن ئاتنىڭ ئۆلۈكىنى سۆرەپ قەبرىگە ئەكىرىدىكەن. ئۆلگۈچىگە بولغان ھۆر-



مىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، بۇ پائالىيەتنى 40 نەچچە كۈن داۋاملاشتۇرىدىكەن. بۇ جەرياندا ئۆلگۈچىنى ھارۋىغا سېلىپ، ھايات ۋاقتىدا ھۆكۈمرانلىق قىلغان زېمىننى بىر ئايلاندۇرۇپ چىقىدىكەن. كاتتا مەرىكە ئۆتكۈزۈپ، ئىلگىرىكى ھوقۇقىنىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە ئۇنى تېخى ھايات دەپ قارىشىدىكەن. بىر يىلدىن كېيىن مۇراسىم يەنە داۋاملىشىدىكەن. 50 نەپەر قاملاشقان يىگىت بىلەن 50 تۇياق ئوبدان ئاتنى تاللاپ چىقىپ، يىگىتلەرنى ئات بىلەن بىرگە بوغۇپ ئۆلتۈرىدىكەن. ئاتنىڭ ئىچ - قارنىنى ئېلىۋېتىپ، يۇيۇپ تازىلاپ ئوت - چۆپ بىلەن توشقۇزغاندىن كېيىن، قورسىقىنى تىكىپ قويىدىكەن. ئارقىدىن قەبرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قوزۇق قاقىدىكەن. بىر ئۇزۇن كالتەكنى ئاتنىڭ قۇيرۇق تەرىپىدىن قىيپاش ھالەتتە ئاتنىڭ بويىنىغىچە كىرگۈزگەندىن كېيىن، ئاتنى قوزۇق ئۈستىگە مىندۈرۈپ، پۇتىنى ساڭگىلىتىپ قويىدىكەن، ھەربىر ئاتنى جابدۇپ، نوختىسىنى ئالدىدىكى تۈۋرۈككە باغلاپ قويىدىكەن. ئارقىدىن بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەن 50 يىگىتنى ئاتقا مىندۈرىدىكەن. ئۇلارنى ئاتتا چىڭ ئولتۇرغۇزۇش ئۈچۈن، بىر كالتەكنى ئومۇرتقىسىنى بويلىتىپ بويىنىغىچە تىقىپ، كالتەكنىڭ ئاستى تەرىپىنى ئاتنىڭ ئىچىدىكى كالتەككە بېكىتىپ قويىدىكەن. 50 ‹ئاتلىق ئەسكەر› قەبرىنى چۆرىدەپ يۇملاق ھالەتتە تۇرىدىكەن».

ياۋروپادىكى ھونلار بۇ قائىدە - يوسۇنلارنى ساقلاپ كەلگەن، پەقەت كۆلەم ۋە رەھىمسىزلىك جەھەتتە ئىلگىرىكىدىن تۆۋەنرەك بولغان. غەرب جەمئىيىتىنىڭ تەسىرىدە،

ئۆلگۈچىگە ئاتاپ قۇربانلىق قىلىش ئۇسۇلىدىمۇ ئۆزگىرىش بولغان. كېيىن ئوغرىلىرىدىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن، ئۆلگۈچىنىڭ قەبرىسى ئادەتتە تولىمۇ ئاددىي ياسالغان ھەم ئېنىق ئورنىنى بىلىدىغانلار بىر نەچچىلا ئادەمدىن ئاشمىغان. بۇ ھال ۋېنگرىيەدىن بايقالغان قەبرىلەردە نېمە ئۈچۈن مول ھەمدەپنە بۇيۇملىرى يوقلۇقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئادەتتىكى ئەھۋاللاردا پۇللۇق ھەمدەپنە بۇيۇملىرى باشقا جايغا كۆمۈلگەن.

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا كىشىلەر ترويىتسقا يىراق بولمىغان شامپانىيە رايونىدىن ھۇنلار دەۋرىدىكى بىر ئاقسۆڭەكنىڭ ھەشەمەتلىك قەبرىسىنى تاپقان. قەبرىدىن بۈيۈك مىللىي كۆچۈش دەۋرىدىكى ئەڭ قىممەتلىك شۇنداقلا ئەڭ نەپىس پۇئىن بايلىقلىرى چىققان بولۇپ، تېپىلغان قورال ۋە زىننەت بۇيۇملىرى كارپاتان ئويمانلىقى ۋە ئۇنىڭ شەرقىدىكى تېخىمۇ يىراق رايونلاردىن تېپىلغان ھۇنلارنىڭ ھەمدەپنە بۇيۇملىرىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئىلگىرىكى كىشىلەرنىڭ بۇ غەربىي گوتلارنىڭ پادىشاھى تېئودېرىخنىڭ قەبرىسى بولۇشى مۇمكىن دېگەن قىياسلىرى كۆپۈككە ئايلاندى. ترويىتس مۇزېيىدا كۆرگەزمە قىلىنغان بەزى ساپ ئالتۇندىن ياسالغان زىننەت بۇيۇملىرى ئىنچىكە بىر قانچە ئۈزۈك، بويۇن چەمبىرىكى، بىلەزۈك، توقا، بىر خەنجەر ۋە ئالتۇن دەستىسىگە ياقۇت كۆز قويۇلغان قوش بىسلىق قىلىچ بار. پارىژدىكى لۇۋر سارىيى ئالىملىرىنىڭ ياردىمىدە كىشىلەر ئېلېكترونلۇق مىكروسكوپ بىلەن بۇ جىگەررەڭ ياقۇتنى تەتقىق قىلغان. سې-



لىشتۇرۇش ئارقىلىق، كىشىلەر بۇ ياقۇتلارنىڭ ئىراننىڭ شىمالىدىن كەلگەنلىكىنى قىياس قىلىشقان. بۇ ھۇن چەۋەندازلىرىنىڭ ئەينى چاغدا تاغۇ دەريالارنى بېسىپ ئۆتكەنلىكىنىڭ يەنە بىر ئىسپاتى. ۋېنگرىيەلىك تارىخشۇناس «بوناۋ پۇئىن قەبرىسىدىكى بۇ ئاقسۆڭەك ئاتتىلانىڭ شەرقىي گېرمانلاردىن بولمىش ئىتتىپاقدىشى پادىشاھ ئاردارىكە بولۇشى كېرەك» دەپ قارايدۇ.

پۇئىندىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردە كورتىسول دېگەن بىر كەنت بار، بۇ كەنت فرانسىيەدىكى ئەڭ چوڭ كوچا بويلاپ بەرپا قىلىنغان كەنتتۇر. كەنتتىكى ئۆيلەر كوچىنى بويلاپ سېلىنغان بولۇپ، سەككىز كىلومېتىردىن ئۇزۇنراق سوزۇلغان. بۇ كەنتنى ئېيتىشلارغا قارىغاندا، پاننونىيەگە چېكىنمىگەن ھۇنلار بەرپا قىلغان ئىمىش. كورتىسول كەنتىنىڭ باشلىقىنىڭ ئېيتىشىچە، كەنت ئاھالىسى ھازىرغىچە ئۆزلىرىنى ھۇنلارنىڭ ئەۋلادى دەپ قارايدىكەن. بولۇپمۇ زىلزىلە قوزغىغان ئىش شۇ بولدىكى، ترويىتس رايونى (كورتىسول كەنتىمۇ مۇشۇ رايونغا تەۋە) دىكى بەزى بالىلارنىڭ بەدىنىدە «تواققوز كۆز دېغى» بار ئىكەن. بۇنداق موڭغۇل دېغى دەپمۇ ئاتىلىدىغان پىگمېنت دۇمبە قۇيرۇق سۆڭىكى ئەتراپىغا چۆككەن بولۇپ، بۇنداق ئۆزگىچىلىككە ئىگە پىگمېنت دېغى ئاسىيا ياكى بەزى شەرق مىللەتلىرىدىلا بار، ھەممە موڭغۇل بالىلىرىنىڭ بەدىنىدە دېگۈدەك مۇشۇنداق داغ بار. شۇڭا، بۇنداق داغ مەركىزى رايون ئاھالىسى بىلەن ھۇنلارنىڭ قانداشلىق مۇناسىۋىتى بارلىقىنىڭ ئىرسىيەتشۇناسلىق جەھەتتىكى بىر

ئىسپاتى بولۇپ قالدى.

ھۇنلارنىڭ دەپنە قىلىش ئادىتى بويىچە بولغاندا، ئاقسۆڭەك ياكى بەگلەر ئۆلۈپ ئۈچىنچى، يەتتىنچى ياكى 49-كۈنى ئېتى ئۆلتۈرۈلۈپ، مەرھۇمنىڭ ئۇرۇق-تۇغقان، ئاغىنە-بۇرادەرلىرى بەھرىمەن بولىدۇ. ئاندىن دەپنە مۇراسىمىدىن كېيىنكى مەرىكىدىن ئېشىپ قالغان نەرسىلەرنى، يۈگەن-تىزگىن، ئېگەر-جابدۇق ۋە قورال-ياراغلىرىنى ئوتۇن دۆۋىسىگە قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتىدۇ. ئاندىن كۈلنى ۋە يېمەكلىكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەمدەپنە بۇيۇملىرىنى قەبرىگە يېقىن يەرگە كۆمىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە بەلكىم دەپنە مۇراسىمىدىكى ئەڭ مۇھىم قاچا ھېسابلىنىدىغان چېقىۋېتىلگەن مىس قازانمۇ بولىدۇ. لېكىن، ئادەتتە گېرمانلارنىڭ قەبرىسىدىن ئادەم سۆڭىكىنىڭ قالدۇقى تېپىلمىدى.

«ئەرلىرى ئۆرۈم چېچىنى كېسىۋېتىدۇ. ئەسلىدىنلا قورقۇنچلۇق يۈزىنى چوڭقۇر تىلىدۇ. ئۇلار ئاياللارنىڭ كۆز يېشى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ ئىسسىق قېنى بىلەن ئۇلۇغ يولباشچىلىرىغا ماتەم بىلدۈرىدۇ. ئۆلگۈچىنىڭ جەسىتىنى شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان يىپەك چېدىرغا قويىدۇ. پۈتۈن ھۇنلار ئىچىدىن تاللاپ چىقىلغان چەۋەندازلار جەسەتنى ئايلىنىپ ماتەم ناخشىسىنى ئېيتقاچ كۆچەپ ئات چاپتۇرىدۇ. ئاندىن شادىيانە زىياپەت باشلىنىپ، قايغۇ بىلەن خۇشاللىق ئارىلىشىپ كېتىدۇ. جەسەتنى كېچىسى مەخپىي دەپنە قىلىۋېتىدۇ. ئىچىنى ئالتۇن بىلەن، سىرتىنى كۈمۈش بىلەن، ئاخىرىدا تۆمۈر



بىلەن ئورايدۇ». جوردانىس ئۇنتۇلۇپ كەتكەن زاماندىشى پرىسكوسىنىڭ تەسۋىرىگە ئاساسەن يۇقىرىقىدەك بايان قىلغان.

ئاتتىلانى دەپنە قىلغانلارمۇ كېيىن رەھىمسىز ئاقىۋەتكە دۇچار بولغان. «ئۇلارنىڭ بۇنداق زور بايلىقلارنى كۆرۈپ كۆزى قىزارماسلىقى ئۈچۈن، ئاتتىلانىڭ گۆرىنى كولىغانلار كىشىنى چۆچۈتىدىغان ئىش ھەققىگە ئېرىشكەن: قىلچە شەپقەت قىلىنماستىن ئۆلتۈرۈلگەن. مەرھۇم (ئاتتىلا)نىڭ تۇيۇقسىز ئۆلۈمى دەپنە قىلغۇچىلارنىڭمۇ توساتتىن ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولغان». جوردانىس ئاتتىلانىڭ دەپنە مۇراسىمى ھەققىدە يازغاندا مۇشۇنداق ئاخىرلاشتۇرغان.

ۋېنگرىيەدىن بايقالغان بىر خارابىلىكتىن قارىغاندا، ئاتتىلانىڭ تاۋۇتى ئۈچ قەۋەت ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. ئەڭ سىرتقى قەۋىتى تۆمۈر، ئوتتۇرا قەۋىتى كۈمۈش، ئىچكى قەۋىتى ئالتۇندىن ياسالغان. كىشىلەر يەنە ۋېنگرىيەدىن تۇنىكە مىخلانغان ۋە نېپىز ئالتۇن يالىتىلغان تاۋۇت پارچىسىنى تاپتى. سېگېد مۇزېيىنىڭ مۇدىرى ئوتتو. تىلوگدېمىنىڭ قىياس قىلىشىچە، ھازىرغىچە تېپىلمىغان ئاتتىلانىڭ قەبرىسى بۈگۈنكى ۋېنگرىيە بىلەن رۇمىنىيەنىڭ تۇتاشقان يېرىگە ئانچە يىراق بولمىغان تىسزا دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدا بولۇشى كېرەككەن.

## ھۇن ئىمپېرىيەسىنىڭ زاۋال تېپىشى

ئاتتىلا توي كېچىسى تۇيۇقسىز ئۆلگەندىن كېيىن،

ھۇن ئىمپېرىيەسى باش كۆتۈرگەن چاغدىكىدىنمۇ تېزرەك سۈرئەتتە يوقالدى . ئاتلىق قوشۇنلىرى تارقىلىپ كەتتى . ئۇزاق ئۆتمەي ئاتتىلانىڭ ئاران سەككىز يىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئىمپېرىيەسىنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى ۋە ھالاك بولۇشى ھەققىدىكى رىۋايەت - ئەپسانىلەر ئارقا - ئارقىدىن مەيدانغا چىققىلى تۇردى .

453 - يىلى ئاتتىلا ۋاپات بولغاندىن كېيىن ، تەڭرىقۇتلۇق تەختكە ۋارىسلىق قىلغىلى ئاتتىلانىڭ باراۋىرىدەك كىشى تېپىلمىغانلىقتىن ، ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئىمپېرىيە ئۈزۈل - كېسىل پارچىلىنىپ كەتتى . ئاتتىلانىڭ ئەۋلادلىرىدىن ھېچكىم ئۆزىدەك قوماندانلىق ئىقتىدارىغا ۋە كۆپچىلىكنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغۇدەك قابىلىيەتكە ئىگە ئەمەس ئىدى ، ئۇلاردا بىر داھىي ھازىرلاشقا تېگىشلىك سىياسىي ئىستراتېگىيە ۋە يىراقنى كۆرەرلىك كەمچىل ئىدى .

ئاتتىلانىڭ ئۆزىنى تەخت ۋارىسىمەن دەپ قارايدىغان ئۈچ ئوغلى ئىمپېرىيەنى ئۈچكە بۆلۈپ ، دادىسىنىڭ جەسىتى سوۋۇماي تۇرۇپلا ئۆز ئارا ئۇرۇشۇشقا باشلىدى . ئاخىرىدا دېڭگىزىكلا ئەگەشكۈچىلىرى بارغانسېرى ئازىيىپ كېتىۋاتقان ئەھۋالدا ھاكىمىيەتنى ئاران ئون يىل تۇتۇپ تۇرالىدى . دېڭگىزىك رىمغا لەشكەر تارتىپ دادىسىنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغاندا ، گېرمان ئىتتىپاقداشلىرى ئاسىيلىق قىلدى . 469 - يىلىدىكى ھۇنلارنىڭ ئار - نومۇسى تۆكۈلۈپ ، مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياغلاشقان ئۇرۇشتا دېڭگىزىك ئۆلدى . قۇستەنتىنى-



يە ئاھالىسى تەنتەنە سادالىرى ئىچىدە ئۇنىڭ كاللىسىنى كۆتۈرۈپ كوچىمۇكوچا سازايى قىلدى . بۇ بىر ئېغىر جاراھەتتىن قۇتۇلۇش ئىدى ، ئۇزاقتىن بېرى ئاتتىلانىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى چىدىغۇسىز ھاقارەتتىن قۇتۇلۇش ئىدى . ئاتتىلانىڭ ئوغلىنىڭ ئۆلۈمىنى قۇتلۇقلاش خۇددى ئاتتىلانى ۋە چەۋەندازلىرىنى كىچىككىنە بولسىمۇ يەڭگەن غەلىبىنى قۇتلۇقلىغانغا ئوخشايتتى . ئاتلىق ئەسكەرلەر بولسا شۇ چاغقىچە ئاتتىلانىڭ غەلىبە قىلىشىدىكى سىرلىق قورال بولۇپ ، سىرلىق تۈسلەرگە ئىگە ئىدى .

ھۇنلارنىڭ ئاتتىلانىڭ باشچىلىقىدا ياۋروپاغا بېسىپ كىرىشى ۋە بۇنىڭ بىلەن باشلانغان بۈيۈك مىللىي كۆچۈش كىلاسسىك دەۋرنىڭ ئاياغلىشىپ ، پۈتۈن دۇنيانىڭ قايتا تەشكىللەنگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ . ھۇنلار ياۋروپانىڭ تارىخ سەھنىسىدە پەيدا بولغاندا ، رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ رىزقى توشقانىدى . ئاسىيا ئىچكىرىلىكىدىن كەلگەن بۇ تاش قورال دەۋرىدىكى قەبىلىمۇ بولمىغان ، پادىچى ئىپتىدائىي قەبىلىمۇ بولمىغان خەلق ئۆزلىرىنىڭ غەلىبە قىلىشىغا ياردەم بەرگەن تېخنىكىلىق يېڭىلىق — ياغاچ ئېگەر ، ئۈزەڭگە ، يېڭى تىپتىكى يا ۋە ئۈچ قىرلىق تۆمۈر ئوقنى ياۋروپاغا ئېلىپ كەلدى .

ئىنسانىيەتنىڭ ئۇزاق تارىخىنىڭ قىسقىغىنا بىر دەقىقىسىدە ئاتتىلا «كاۋكازدىن رېيىن دەرياسىغىچە ، بالتىق دېڭىزىدىن ئوتتۇرا يەر دېڭىزىغىچە كېڭەيگەن بىر ئىمپېرىيە قۇردى» . ھۇنلار ياۋروپاغا بىرنەچچە يىللا ھۆكۈمرانلىق قىلغان بولسىمۇ ، ئاشۇ بىرنەچچە يىلدا ياۋروپا قۇرۇقلۇق-

دا غايەت زور ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ ، بۇگۇنگىچە مەۋجۇت بولۇۋاتقان مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى چەك - چېگرا بېكىتىلدى . لېكىن ، بۇ سىرلىق تۇس ئالغان مىللەت قەيەرگە غايىب بولغان ؟

ھېرىپ ماجالىدىن كەتكەن ، باشپاناھسىز قالغان ھۇن لەشكەرلىرى ئېقىپ يۈرىدىغان كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى تاشلاپ ، بۇگۇنكى رۇسىيەنىڭ جەنۇبى ۋە قىرىم يېرىم ئارىلىدا ئولتۇراقلاشقان . يەنە بىر قىسىم ھۇنلار ھەربىي يۈرۈشلەر داۋامىدا فرانسىيە ، شۋېيتسارىيە ۋە ۋېنگرىيە قاتارلىق جايلاردا ئەسلىي بار بولغان مىللەتلەرگە سىڭىشىپ كەتكەن . ياۋروپانىڭ يېرىمىنى كېزىپ چىققان بولسىمۇ يەنە مەغلۇپ بولغان بىر قىسىم ھۇنلار داۋاملىق شەرققە قاراپ مېڭىپ ، ئەسلىدىكى ئانا ماكانى ئوتتۇرا ئاسىيا ياپلاقلىرىغا قايتقان .

## پايدىلانمىلار


سىنۋان بوناۋ : «ھۇن ئىمپېرىيەسى» ، ستوتگارت 1991 - يىلى نەشرى .

مورس . بىۋىيە . ئاران : «تەڭرىنىڭ ئاپىتى» ، پارىژ 1982 - يىلى نەشرى .

بولسارت . برونىس : «چىڭگىزخاننىڭ ئەجدادى» ، بېرلىن 1988 - يىلى نەشرى .

ۋالت . خېسھ ، كىلاۋدىئۇس . پ . مېل : «موڭغۇللار» ، ئىننىسبرۇك ، فرانكفورت 1989 - يىلى نەشرى .





ھىلۋىگ . فۇرسىنگېر ، بلىگىت ۋاشا : «ئاۋسترىيەلىكلەرنىڭ ئەجدادى» ، ۋېنا 1992 - يىلى نەشرى .

«گېرمانلار ، ھۇنلار ۋە ئاۋارلار» ، «بۈيۈك مىللىي كۆچۈش دەۋرىدىكى بايلىقلار» ، گېرمان مىللىي مۇزېيىنىڭ كۆرگەزمە كاتالوگى ، نۇرنبېرگ 1988 - يىلى نەشرى .

ئوتتو . ج . مېنھېن — ھېلفىن : «ھۇنلارنىڭ دۇنياسى» ، گراتس 1977- يىلى نەشرى .

ۋىلىيام . م . مىكگوۋېرن : «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى ئەللەر تارىخى» ، زاپېلھىل 1939 - يىلى نەشرى .

ھانس . لىل : «بۈيۈك مىللىي كۆچۈش» ، مىيۇنخېن 1988 - يىلى نەشرى .

ھىلمان . سخېلبو : «ھۇنلار» ، «دۇنيا ئاتتىلانىڭ قولىدا بەربات بولغان» ، ۋېنا ، دىيۇسسېلدورف 1990 - يىلى نەشرى .

جۇئاسىم . ۋېرنا : «ئاتتىلا ئىمپېرىيەسىنىڭ ئارخېئولوگىيەسى ھەققىدە» ، مىيۇنخېن 1956 - يىلى نەشرى .

# ئاتتىلا بىلەن غىزالىنىش

## پرىسكوس (يۇنان)

پرىسكوس شەرقىي رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ ئەلچىسى
سۈپىتىدە مىلادىيە 449 - يىلى هۇن ئىمپېرىيەسىنىڭ
پايتەختىگە بېرىپ ئاتتىلا بىلەن كۆرۈشكەن .

پرىسكوس بىر دىپلوماتقا خاس سەزگۈرلۈكى بىلەن
ئەينى چاغدا دۇنيادىكى ئىككى چوڭ ئىمپېرىيە ئوتتۇرىسىدا
ئېلىپ بېرىلغان بۇ دىپلوماتىيە پائالىيىتىنى خاتىرىلەپ
قالدۇرغان . ئۇنىڭ ئاددىي سۆز - ئىبارىلىرىنىڭ ئارقىسىغا
يوشۇرۇنغان نازۇك كەيپىياتىدىن مۇشۇ ئۇچرىشىش بولۇپ
ئۆزاق ئۆتمەي شەرقىي رىمنىڭ هۇنلارنىڭ قىلىچى ئاستىدا
تىز پۈككەنلىكىنىڭ هەيران قالارلىق ئىش ئەمەسلىكىنى
چۈشىنىش قىيىن ئەمەس .

× × ×

ئاتتىلا ئىككى ئەلچىلەر ئۆمىكىدىكىلەر① نى چۈشتىن
كېيىن غىزاغا تەكلىپ قىلدى .بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا بىز—
شەرقىي ۋە غەربىي رىمنىڭ بارلىق ئەلچىلىرى چوڭ زال-



نىڭ ئىشىكىدە ئاتتىلانىڭ ئالدىدا تەق بولۇپ تۇرغاندۇق .
هۇن دۆلىتىنىڭ يوسۇنى بويىچە خىزمەتكار هەر بىرىمىزگە
بىر - جامدىن مەي كەلتۈردى . ئورۇن ئېلىشتىن ئىلگىرى
بۇ مەينى يەرگە سېپىشىمىز كېرەك ئىدى . ئۇلارنىڭچە ،
بۇ ، ئىلاهقا نەزىر قىلغانلىق بولارمىش . ئارقىدىن بىزمۇ
بىر قەدەهتىن مەي ئىچكەندىن كېيىن ئۆز ئورنىمىزغا
بېرىپ ئولتۇردۇق . بارلىق ئورۇندۇقلار چوڭ زالنىڭ
ئىككى تەرىپىگە تامغا يېقىن ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى . زال-
نىڭ يۇقىرىسىدا ، دەل ئوتتۇرىسىدىكى يۆلەنچۈكلۈك ئو-
رۇن ئورۇندۇقتا ئاتتىلا ئۆزى ئولتۇراتتى . ئۇنىڭ كەينىدە
بىر يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇق ، ئەڭ تۆرىدە ئاتتىلانىڭ خاس
كارىۋىتى بار ئىدى . كارىۋاتقا تولىمۇ سىپتا ، پۇزۇر توقۇل-
غان زىغىررەڭ رەخت يېپىلغان بولۇپ ، خۇددى يۇنان هەم
رىملىقلار تويدا ئىشلىتىدىغان زەر گىلەمگە ئوخشايتتى .
شۇنى ھېس قىلدىمكى ، سالاهىيىتى ئالىيراق بولغان مېھ-
مانلار زالنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ، بىر دەرىجە تۆۋەن تۇرىدىغان-
لىرى بولسا سول تەرەپكە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپتۇ . پىلىچىس②
ئىككىمىز سول تەرەپتىكىلەرنىڭ قاتارىدا ئىدۇق . ئاتتىلا-
نىڭ ئىككى ئوغلىمۇ ئۇنىڭ يېنىدا ئىدى . چوڭ ئوغلى
ئاتتىلانىڭ ئاشۇ يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقىنىڭ گىرۋىكىدە
ئولتۇرغان بولۇپ ، ئاتىسىدىن ئەيمەنگەندەك ، كۆزلىرىنى
يەردىن ئۈزمەيتتى .

هەممەيلەن جايلىشىپ بولغاندىن كېيىن ، ئاتتىلانىڭ
خاس كۈتكۈچىسى پەتنۇستا مەي كۆتۈرگىنىچە كىرىپ كەل-
دى . ئۇ بىر قەدەه مەينى هۆرمەت بىلەن ئاتتىلاغا تۇتتى

ۋە دەرھال دېۋانىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ تۇردى . ئاتتىلا مەيىنى ئېلىپ سالاھىيىتى ئەڭ يۇقىرى مېھمانغا سالام بەردى . بۇ پەۋقۇلئاددە شەرەپكە ئېرىشكەن مېھمان ئالدىراپ ئورنىدىن تۇردى . ئۇ چوقۇم ئاتتىلانىڭ مەينى ئاستا - ئاستا ئىچىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشى ، مەيىنى ئىچىپ بولۇپ قەدەھنى ھېلىقى مالايغا قايتۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن ئاندىن ئولتۇرۇشى كېرەك ئىدى . بۇ ۋاقىتتا باشقا مېھمانلارمۇ قەدەھ كۆتۈرۈپ ھېلىقى مېھمانغا ئېھتىرام بىلدۈرۈشتى ۋە مەيىنى بىر يۇتۇمدىنلا تېتىپ قويۇشتى . ئاتتىلانىڭ خاس كۇتكۇچىسى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ، يەنە بىر مالاي كىرىپ ، ئورۇن تەرتىپى بويىچە ھەربىر مېھمانغا مەي تولدۇردى . ئارقىدىن ئاتتىلا ئوخشاش يوسۇندا ھەربىر ئادەمگە سالام بېرىپ چىقتى .

ھەممەيلەنگە مەي تۇتۇپ بولغاندىن كېيىن ، ھېلىقى مالايمۇ چىقىپ كەتتى . باشقا خىزمەتكارلار كىرىپ ئاتتىلانىڭ ئالدىغا بىر شىرە ، ئاندىن ھەر ئۈچ - تۆت مېھمان ئالدىغىمۇ بىردىن شىرە قويۇلدى . بۇنداق بولغاندا ھەربىر مېھمان ئۆز ئورنىدىن ئايرىلمايلا ئۆزى خالىغان ھەرخىل يېمەكلىكلەرگە ئېغىز تېگەلەيتتى . يېمەكلىكلەر ئىنتايىن مول ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممىسى ئالتۇن ياكى كۈمۈش لېگەنلەرگە ئۇسسۇلغانىدى . ئولتۇرغان ئۆمەك ئەزالىرىمۇ ، باشقا يات مىللەت كىشىلىرىمۇ ھەممىسى مەززە قىلىپ يېيىشتى . پەقەت ئاتتىلا ئىشلەتكەن قەدەھتىن تارتىپ تاماق قاچىلىرىغىچە ھەممىسى ياغاچتىن ياسالغان بولۇپ ، ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ، بۇ ئۇنىڭ «ئۆز - ئۆزىنى تەنبىھ-



لەش »لىرىنىڭ بىرى ئىكەن . ئۇنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىمۇ شۇ قەدەر ئاددىي بولۇپ ، دائىم پاكىز تۇتۇشتىن باشقا ئالاھىدە تەلەپلىرىمۇ يوق ئىكەن . ئۇنىڭ يېنىغا ئېسىلغان خەنجەر ، پۇتىدىكى ئۆتۈك ھەمدە ئېتىدىكى ئېگەر - جابدۇقلاردىمۇ نەقىشلەنگەن گۆھەر - ياقۇت ياكى ئالتۇنغا تەۋە نەرسە كۆرمىدۇق .

تۇنجى قېتىمدا كەلتۈرۈلگەن يېمەكلىكلەر يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن ، ھەممىمىز ئورنىمىزدىن تۇرۇشتۇق . كۇتكۇچى ھەربىر ئادەمگە قايتىدىن مەي كەلتۈردى . ھەممىمىز قەدەھ كۆتۈرۈپ ئاتتىلاغا سالامەتلىك ۋە ئۇزاق ئۆمۈر تىلىدۇق . بىز ئولتۇرغاندىن كېيىن ، يېمەكلىك ئۇسسۇلغان لېگەنلەر يەنە شىرەگە تولدۇرۇۋېتىلدى . بۇنداق تەرتىپ تەكرار - تەكرار داۋام قىلىۋاتاتتى .

گۇگۇم مەزگىلىگە كەلگەندە زالنىڭ ئىچى مەشئەللەر بىلەن يورۇتۇلدى . ئىككى سازەندە ئاتتىلانىڭ ئالدىغا كېلىپ ، ئۇنىڭ جەڭدىكى باتۇرلۇقى ۋە ئېرىشكەن شانلىق نەتىجىلىرىگە بېغىشلانغان مەدھىيەنامىلەرنى ياڭرىتىۋەتتى . مېھمانلار ئەستايىدىل ئاڭلاۋاتاتتى . بەزىلەرنىڭ چىرايىدا خۇشاللىق ئەكس ئەتسە ، يەنە بەزىلىرى ئۇرۇش توغرىسىدىكى گەپلەرنى ئاڭلاپ بەكلا ھاياجانلىنىپ كېتىشكەنىدى . بىراق ، بەزىلەرنىڭ كەيپىياتى تۆۋەن بولۇپ ، «ئۇرۇش» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ قېلىشتىن بەكلا قورقۇشاتتى . ئەلۋەتتە ، بۇ كىشىلەر ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرى ئىدى .

سازەندىلەر چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ، بىر سەيشيالىق③ كىرىپ كەلدى . ئۇ غەلىتىلا بىر ئەبلەخ بولۇپ ، نۇرغۇن

غەيرىي ، ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان ھېكايىلارنى سۆزلەيتتى ، گەپلىرىنىڭ بىرسىنىمۇ راست دېگىلى بولمايتتى . ئۇنىڭ ھېكايىسى كىشىلەرنى قاقاقلاپ كۈلدۈرۈۋېتەتتى . ئارقىدىنلا مورسكولۇق[4] زاقۇن كىردى . ئۇنىڭ پاسىنىشى ، ئاۋازى ۋە گەپلىرى سەۋدايىلارچە ئىدى ؛ ئىتالىيان ، ھۇن ۋە گوت[5] تىللىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ كۆرسەتكەن ئويۇنى ھەممەيلەننى ئۆزىگە رام قىلىۋالدى . زالدا كۈلكە ئاۋازلىرى ئۈزۈلمەيتتى ، پەقەت ئاتىلالا ئۆزىنىڭ سۇرلۇك ھالىتىنى بۇزماي ئولتۇرۇۋاتاتتى . ئۇ مەڭگۈ ئەتراپىدىكى مۇھىت بىلەن بەلگىلىك ئارىلىق ساقلاپ تۇرسا كېرەك ، پەقەت كىچىك ئوغلى ئايناس زالغا يۈگۈرۈپ كىرىپ يېنىغا كەلگەندىلا ئۇنىڭ چىرايىدا ئازراق كۈلكە پەيدا بولدى . ئۇ ئايناسنى ئالدىغا كەلتۈرۈپ مېھرىبانلىق بىلەن تىكىلدى ۋە بىرنەچچە ئېغىز پاراڭلاشتى . مېنى بەكلا ھەيران قالدۇرغىنى شۇ بولدىكى ، ئۇ قالغان ئىككى ئوغلىغا دىققەت قىلىپمۇ قويمايتتى ، ھەتتا زىياپەت باشلىنىپ ھازىرغىچە ئۇلارغا بىرەر قېتىممۇ قاراپ قويمىغانىدى . يېنىمدا ئولتۇرغان كىشى مېنى بۇ ئىشقا قالايمىقان باھا بېرىپ يۈرمەسلىككە ئاگاھلاندۇردى . ئۇنىڭ دېيىشىچە ، بىر كاھىن ئاتىلا پادىشاھلىقىنىڭ ھامان ئاغدۇرۇلىدىغانلىقىنى ، ئەمما ئۇنىڭ بۇ ئوغلى ئىمپېرىيەنى قايتا قۇرۇپ چىقىدىغانلىقىنى ئېيتقانمىش . زىياپەت يېرىم كېچىدە ئاران ئاخىرلاشقان بولدى . بىز رەھقىقەتەن ھېرىپ ھالىمىزدىن كەتكەن ،



ھېچكىمنىڭمۇ داۋاملىق يەپ - ئىچىشكە تاۋى قالمىغانىدى .

## ئىزاھلار

①شەرقىي ۋە غەربىي رىمنىڭ ئەلچىلەر ئۆمىكىنى كۆرسىتىدۇ .

② غەربىي رىمنىڭ ھۇنلارغا ئەۋەتىلگەن ئەلچىسى .

③ غەربىي ئاسىيادىكى قەدىمىي بىر قەبىلىنى كۆرسىتىدۇ .

④ ئىسپانىيەدىكى قەدىمىي قەبىلە

⑤ گېرمان تىللىرى سىستېمىسىغا تەۋە قەدىمىي قەبىلەر.

---

«تارىخىي شاھىتلار» ، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى 1992 - يىل فېۋرال 1 - نەشرى 1 - باسمىسىدىن تەرجىمە قىلىندى .

(«تارىخىي شاھىتلار»نى مىلادىيە 430 - يىلىدىن مىلادىيە 1990 - يىلى ئاۋغۇستقىچە دۇنيادا يۈز بەرگەن يەزى چوڭ ۋەقەلەر شاھىتلىرىنىڭ بىۋاسىتە خاتىرىسىگە ئاساسەن ئەنگلىيەلىك جون كېلىلىي تۈزۈپ چىققان) .

# ھۇنلارنىڭ ياۋروپادىكى ئاجايىپ-غارايىپ تارىخى

دېنىس سىنور (ئامېرىكا)

تارىختا ئوتتۇرا ياۋروپا - ئاسىيا مىللەتلىرى، ھەتتا موڭغۇللارمۇ ھۇنلارغا ئوخشاش ۋەھشىي، جەسۇر، تەڭداشسىز جەڭچى دېگەنگە ئوخشاش مەنىداش سۆزلەر بىلەن ئاتالغان ئەمەس. خۇددى گېرمانلاردىكى ۋاندااللاردەك، بىزگە ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان «ۋەھشىيلىك» دېگەن بىر ئاتالغۇنى قالدۇرۇپ كەتكەنىدى. «ھۇن» دېگەن بۇ ئىسىم ۋەھشىي، رەھىمسىز، شەپقەتسىز دۈشمەنلەرنى تەسۋىرلەيدىغان مەنىسىنىش سۆزى بولۇپ قالغان؛ ئۇلارنىڭ بۈيۈك ھۆكۈمرانى «تەڭرىنىڭ قامچىسى» ئاتتىلا رىۋايەتلەردىكى ھەددىدىن زىيادە قوپال، رەھىمسىز ھەم ۋەھشىي رەھبەرلەرنىڭ تىپى بولۇپ قالغان.

بۇ يەردە غەرب ئەللىرىدە ھۇنلارنىڭ نېمە ئۈچۈن ئاشۇنداق ئوي - خىياللارنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان بەزى سەۋەبلەر بار. بىرىنچىدىن، ئۇلار قەدىمدىن تارتىپ غەرب دۇنياسىغا ئېغىر دەرىجىدە تەھدىت سېلىپ، ئوتتۇرا ياۋروپا - ئاسىياغا تۇنجى تۈركۈمدە بېسىپ



كىرگەن تاجاۋۇزچىلاردۇر. ئىككىنچىدىن، ھۇنلارنىڭ بېسىپ كىرگەن ۋاقتى دەل رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ شەرقى ۋە غەربىدە ئېغىر پاراكەندىچىلىك سادىر بولۇپ، ئۆز ئارا رەھىمسىز كۈرەش ئېلىپ بېرىۋاتقان مەزگىلگە توغرا كەلگەنىدى. ھۇنلارنىڭ داڭقىنىڭ ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە داۋاملاشقانلىقىنىڭ سەۋەبى — ئەينى ۋاقىتلاردىكى مۇئەللىپلەر ئۇلارنى ئانچە مۇۋاپىق بولمىغان ھالدا قالتىس تەسۋىرلىۋەتكەن. ھۇنلارنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن كېيىنكى ئەڭ مۇھىم نەتىجىسى ئۇلارنىڭ بىۋاسىتە ھەرىكىتىدىن سادىر بولماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ خەلقنى پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇشقا كۈشكۈرتۇش ۋاسىتىسىنى قوللانغانلىقىدىن ئىبارەت بولغان، شۇڭا گېرمان تىلىدا ئۇلارنى «كۆچمەن مىللەت» دەپ ئاتىغان.

ھۇنلارنىڭ ئىسمىنىڭ يۇنانچە شەكلى مىلادىيە 2-ئەسىردە ياشىغان يۇناننىڭ بۈيۈك جۇغراپىيە ئالىمى پىتولېمىنىڭ ئەسىرىدە تۇنجى قېتىم تىلغا ئېلىنغان. مىلادىيە 4-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندە ھۇنلار ئاندىن شەرقىي ياۋروپانىڭ تارىخ سەھنىسىگە كومېدىيەلىك ھالدا كىرىپ كەلگەن. ئەينى چاغلاردىكى مۇئەللىپلەر ھۇنلارنىڭ كېلىپ چىقىش مەسىلىسىگە ئىنتايىن قىزىققان. بۇنىڭغا دائىر ئەڭ ئىشەنچلىك ماتېرىيال ئامىيانۇس مارسېللىنۇس (تەخمىنەن مىلادىيە 332-يىلىدىن 400-يىللار) ئوتتۇرىغا قويغان ئەستايىدىل جاۋابتىن ئىبارەت. ئۇ مۇنداق دېگەن: «ھۇنلاردىن ئىبارەت بۇ مىللەت قەدىمكى يازما ھۆججەتلەردە كىشىلەرگە ئانچە مەلۇم ئەمەس، ئۇلار مايى-

ئۆتۈك (ئازوۋ دېڭىزى) بويلىرىدىكى سازلىقلارغا جايلاش-
قان. «مۇز قاپلىغان دېڭىزلارنىڭ يېنىدا ياشايدىغان بۇ مىل-
لەت زەھەرسىزلىكتە ھەرقانداق مىللەتتىن ئېشىپ چۈشى-
دۇ». ئۇ ھۇنلارنىڭ «مۇز قاپلىغان دېڭىز ياقىسىدىن
كەلگەن» لىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەچكە، تارىخشۇناسلار ئۇ-
لارنى تامامەن «مەدەنىيەتلىك دۇنيانىڭ سىرتىدىن كەلگەن-
لەر» دەپ قارىغان. ۋاھالەنكى، ئەمەلىيەتتە ئۇلار «قاراڭ-
غۇلۇقنىڭ سىرتى»غا كىرگەن بولۇپ، ئەپسانىۋى جۇغرا-
پىيىدە «سوغۇق» بىلەن «قاراڭغۇلۇق» ھەمىشە باغلىنىشىپ
كەتكەن بولىدۇ.

ئاممىيانۇس مارسېللىنۇسنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بول-
غان تەسۋىرىنى جوردانېسنىڭ كىشىلەرنىڭ قوللىشىغا ئاز-
چە ئېرىشەلمىگەن مۇرەككەپ مەلۇماتىغا سېلىشتۇرغاندا
خېلى مۇۋاپىق بولغان. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە: «سكاندىناۋىيە
يېرىم ئارىلىدىن ئېنىسكىفىيە رايونىغا كىرگەن گوتلارنىڭ
پادىشاھى فىلىمېر ئۆز خەلقى ئىچىدە بەزى پېرخون ئايال-
لارنىڭ بارلىقىنى، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا
〈Haliurunnae〉 نى بايقىغان. ئۇ ئاياللاردىن گۇمانلانغانلىقى
ئۈچۈن ئۇلارنى ئۆز قەبىلىسىدىن قوغلاپ چىقارغان. ھەم
ئۇلارنى ئۆز قوشۇنىدىن ئايرىلىپ يىراق جايلارغا كېتىپ،
يەككە- يېگانە ھالدا سەرگەردان بولۇپ كېتىشكە مەجبۇر-
لىغان. (بۇ پېرخون) ئاياللار كەڭ دالادا گاڭگىراپ يۈرگەن-
دە، بەزى ناپاك خەلق ئۇلارنى ئۆزلىرىگە قوشۇۋالغان،
شۇنىڭ بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە سازلىقلاردا ماكانلاشقان
مۇشۇ ياۋايى قەبىلە پەيدا بولغان. ئۇلار بويى پاكار، پاسكى-



نا ھەم ئاجىز بىر ئىرق بولۇپ، ئىنسان تەبىئىتى يوق
دېيەرلىك، تىلى يوق، لېكىن ئادەملەرگە ئوخشاش ئاززاق
ئاۋاز چىقىرالايدۇ».

كەڭ كۆلەمدە قوبۇل قىلىنغان، ئەمما تېخى ئىسپات-
لانمىغان بىر يەكۈندە ئېيتىلىشىچە، ياۋروپا ھۇنلىرى ھۇن-
لارنىڭ ئەۋلادىدۇر. بىز ئەقەللىيسى بىر يازما ھۆججەتتە
ياۋروپالىقلار «ھۇن» دېگەن ئاتالغۇنى ئىشلەتكەنلىكىنى
كۆردۇق. بۇ پاكىت كۈچلۈك دەلىل - ئىسپات ئورنىدا بۇ
ئىككى مىللەتنىڭ يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ھۇنلار ياكى
ئىسكىفلارنى ئاتاشتا ئانچە توغرا بولماي قالغانلىقىنى كۆرسە-
تىدۇ. بىز شۇنى كۆرمەكتىمىزكى، ھۇن ئىمپېرىيەسى
مىلادىيە 48- يىلى پارچىلانغان. شىمالىي ھۇنلار مىلادىيە
155- يىلى سىيانپېيلار تەرىپىدىن يوقىتىلغان، جەنۇبىي
ھۇنلارنىڭ تارىخىنى مىلادىيە 4- ئەسىرگىچە سۈرۈشتۈ-
رۈشكە بولىسىمۇ، لېكىن ھۇنلارنىڭ غەربكە كۆچكەنلىكىگە
دائىر ھېچقانداق ئىسپات يوق. ئەگەر بىز ياۋروپا ھۇنلىرى
بىلەن ھۇنلارنى ئوخشاش بىر مىللەت دەپ ئېتىراپ قىلى-
ساق، ئۇ چاغدا شىمالىي ھۇنلارنىڭ مۇڭغۇلىيە ئېگىزلى-
كىدە يوقاپ كېتىشى بىلەن ھۇنلارنىڭ ياۋروپا ئۇيۇق سى-
زىقىدا پەيدا بولۇشىغا قەدەر بولغان توپتوغرا ئىككى ئەسىر
خاتىرىلەنمىگەن. يىللار ئارىسىدا ئۇلىنىشىپ كېلىدىغان بىر
كۈننىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. يەڭگىللىك بىلەن ھېچ-
قانداق ئەھمىيىتى بولمىغان بىرلىككە كەلگەن يەكۈن
چىقىرىشتىن ساقلىنىش بىراقلا دەر مۇۋاپىقتەك قىلى-
دۇ.

هۇنلارنىڭ ئېرمانارىكنىكى شەرقىي گوت ئىمپېرىيەسىگە قىلغان جازا يۈرۈشى مىلادىيە 370 - يىللار ئەتراپىدا باشلانغان. بۇ قۇدرەتلىك گېرمانلار دۆلىتىنىڭ زېمىن چېگراسى دون دەرياسىدىن دېنېپىر دەرياسى ساھىللىرىغىچە، قارا دېڭىز ياقىسىدىن يىراق شىمالدىكى پرىپېت سازلىق يەرلىرىدىن جەنۇبىي رۇسىيە يايلاقلىرىغىچە سوزۇلغانىدى. هۇنلارنىڭ تاجاۋۇزى تۈپەيلىدىن شەرقىي گوتلار، يەنى ئوستروگوتلار غەربكە كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان. ئۇلارنىڭ قېرىندىشى بولغان غەربىي گوتلار، يەنى ۋىزىگوتلار تېخىمۇ غەربكە كۆچۈپ، ۋىزانتىيە چېگراسىغىچە يېتىپ بارغان. ئۇلارنىڭ ئىتتىپاق تۈزۈش شەكلى ئېنىق ۋە مۇقىم بولمىغان. نەچچە ئون يىل جەريانىدا هۇنلار گوتلار بىلەن ھېچقانداق سىياسىي مەقسەتتە بىر - بىرىگە جازا يۈرۈشى قىلمىغان ياكى شەرقىي رىم ئىمپېرىيەسى بىلەن ئۇرۇشمىغان. پاننونىيە ئۆلكىسى (هازىرقى ۋېنگرىيەدىكى ترانسدانۇبىيە ئۆلكىسى)دىكى رىم قوشۇنى تۇرغان گازارمىدا هۇنلاردىن قالغان ئىزلار بايقالدى. بىزگە مەلۇمكى، مىلادىيە 408 - يىلى گېنىيويەخان ئوردىسى 300 نەپەر هۇنلاردىن تەشكىل تاپقان خىللانغان قوشۇن ياللىغان. هۇنلارنىڭ چېرايىدا جەڭ قىلىش جەھەتتە گوتلار بىلەن ئوخشىشىدىغان جايلىرىمۇ بار. لېكىن، هۇنلاردا قۇدرەتلىك ئىمپېرىيە قۇرغۇدەك كۈچلۈك قوماندان يوق ئىدى. ئۇ چاغلاردا كۆپ قىسىم هۇنلار دون دەرياسىنىڭ شەرقىدە تۇرۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. مىلادىيە 412 - يىلى تارىخشۇناس ئولىمپىدورۇسنى ئۆز ئىچىگە



ئالغان ۋىزانتىيە خارجى ئەلچىلەر ئۆمىكى قارا دېڭىزدىن ئۆتۈپ كۆزلىگەن مەنزىلگە يېتىپ بارغان. هۇنلارنىڭ مەركۇر ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ هون باشلىقى دونا - تۇسنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قەستلەپ ئۆلتۈرگەنلىكىنى مىسال قىلىپ تىلغا ئالغانلىقى ئىنتايىن قىزىقارلىق. كىشىلەرنىڭ ئوڭايلىقچە ئۇنتۇپ قالىدىغىنى شۇكى، ئوتتۇرا ئەسىر ۋە موڭغۇللار دەۋرىدە غەربتىلا ئەمەس، ھەتتا جەنۇبىي رۇسىيە يايلاقلىرىدىمۇ «مەدەنىيەتلىك دۇنيا» مەۋجۇت ئىدى. قوشۇن ئۇچۇن ئۇرۇش غەنىيمەتلىرىنى ئىزدەش جەھەتتە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە پېرسىيە ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ بالقان رايونىغا ئوخشاش جەلپ قىلىش كۈچى بار ئىدى ھەم يېقىنلىشىشقا قولاي ئىدى. تەخمىنەن مىلادىيە 420 - يىلى بارسىك ۋە كۇرسكلار يېتەكچىلىكىدىكى چوڭ بىر هۇنلار قوشۇنى كاۋكاز تاغلىرىدىن ئۆتۈپ پېرسىيەگە تويۇقسىز هۇجۇم قىلغان. ئۇ يەردە ئۇلار پېرسىيەنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن، نۇرغۇن ئۇرۇش غەنىيمەتلىرى ۋە تەخمىنەن 18 مىڭ ئەسىرنى قالدۇرۇپ، ئۆز مەملىكىتىگە قايتىشقا مەجبۇر بولغان. بۇ قېتىملىق تاجاۋۇزنى هۇنلار مەملىكەت ئىچىدە سادىر بولغان ئېغىر ئاپەتتىن قۇتۇلۇش مەقسىتىدە ئېلىپ بارغان. هۇنلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ۋىزانتىيە ئۆلكىسىگە قىلغان تاجاۋۇزىنى ئەينى چاغلاردا بېيلىنخېمدا تۇرۇشلۇق سان جېروم (لاتىن يېزىقىدىكى ئۆلچەملىك «ئىنجىل» نى تۈزگەن كىشى) مۇنداق تەسۋىرلىگەن: «هۇنلار پۈتۈن دۇنيانى قىرغىنچىلىق ۋە قورقۇنچ ئىچىگە غەرق قىلىۋەتتى،

ئۇلار ھوشيار ، چاققان جەڭ ئاتلىرىغا مىنىپ ، ھەر ياقتا
ئۇرۇش قىلىپ ، بارمىغان يېرى قالمىدى . كىشىلەر تېخى
ئۇلارنىڭ قەيەرلەرگە بارىدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ
بولالمىغان چاغلاردا ئۇلار شۇ يەرلەردە پەيدا بولۇپ بولات-
تى . ئۇلارنىڭ تېز ، چەبدەسلىكى ئۇلار ھەققىدىكى رىۋايەت-
لەردىنمۇ ئېشىپ چۈشتى . ئۇلار دىنىي قائىدە - يوسۇن ۋە
دەرىجە پەرقىگە قارىماي ، يىغلاپ تۇرغان بالىلار ۋە ئەر-
ئايال ، قېرى - ياشلارغىمۇ رەھىم قىلمىغان . ئەمدىلا دۇن-
ياغا كەلگەن بوۋاقلار يەنە ئۆلۈمگە يۈزلىنىشكە مەجبۇر
بولغان» (تومپسىننىڭ ئەسىرىدىن نەقىل، 27- بەت ) .

بارمىغان يېرى قالمىغان زور تۈركۈم ھۇنلار كىشى-
لەرنىڭ ماختىنىشىغا سازاۋەت بولدى . مىلادىيە 409 - يىلى
پاننونىيە پۈتۈنلەي ئۇلارنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالدى ، ھەم
ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسى ۋە غەربىي رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ
ئىشلىرىغا ئارىلىشىشنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك مۇقەددەس جايىغا
ئايلاندى . قارىماققا ئۇلارنىڭ ئەندىشە قىلىدىغىنى رىم ئىم-
پېرىيەسى ۋە كونستانتىنوپولغا قارىتىلغان بىر قەدەر چوڭ
ئۇرۇشقا قاتنىشىشى ئەمەستەك بولسىمۇ ، مىلادىيە 422-
يىلىدىن باشلاپ ۋىزانتىيە ھۇنلارنىڭ ھەر يىلى 350 قاداق
ئالتۇن تاپشۇرۇش تەلىپىگە ماقۇل بولغان . بۇ ئاتالمىش
«سوۋغا»لار بالقان رايونىغا ئازراق تىنچلىق ئېلىپ كېلە-
شىنى كاپالەتلەندۈرگەن . ھۇنلار ئىتالىيەنىڭ ئىچكى ئىش-
لىرىغا ئۈزلۈكسىز تۈردە ئارىلىشىپ تۇرغان ، بەلكى ئۇلار
ئالقىشقا ئېرىشكەن . ھۆكۈمەت ۋە ئاقسۆڭەك دۆلەتمەنلەر
ھۇنلاردىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىنىڭ خىزمىتىنى ئىزىغا



سالغان . نۇرغۇنلىغان مۇھىم سىياسىيونلار ۋە ھۆكۈمەت
باشلىقلىرى ھۇنلارنى يېقىن مۇھاپىزەتچىسى قىلىپ ياللى-
ۋالغان . مەسىلەن ، قەدىمكى رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ ئالىي
دەرىجىلىك كونسۇلى روفىنوس ۋە ستىلكو بۈيۈك رىم گې-
نېرالى ئائېتىئۇس قاتارلىقلار ھەمىشە ھۇنلارنى ئەتىۋارلاپ
ئىشلەتكەن . مىلادىيە 434 - يىلى شەرقىي ھۇنلارنىڭ
خاقانى رۇئا ئۆلگەندىن كېيىن ، ئۇنىڭ خانلىق ئورنىغا ۋە
ھوقۇقىغا ئىككى جىيەن ئوغلى بلېدا بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسى
ئاتتىلا ۋارىسلىق قىلغان . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھۇنلار
تارىخىدىكى يېڭى سەھىپە باشلانغان .

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۈچ كىشى مۇقەررەر ھالدا
ھۇنلارنىڭ تىلى ئۈستىدە ئويلىنىش ۋە تەخمىن قىلىش
پەنتىقاتىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى . «ئاتتىلا» دېگەن بۇ ئى-
سىم گوتلارنىڭ ئىسمى ئىكەنلىكى روشەن ، مەيلى تۈركىي
تىللار ياكى موڭغۇل تىلىدا بولسۇن ، ھەممىسىدە «R»
ھەرپىنى سۆز بېشىدا قوللانمايدۇ (مەسىلەن Rua) ياكى
ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن باشلانمايدۇ (مەسىلەن بلېدا) . بۇ
ئۈچ ئادەمنىڭ ئىسمى ھەرگىزمۇ ئالتاي تىلى ئەمەس .
دۇنيادا ھۇنلارنىڭ تىلىدا يېزىلغان ھېچقانداق نەرسە بېجى-
رىم ساقلىنىپ قالمىغان . لېكىن ، لاتىن يېزىقى ۋە يۇنان
يېزىقىدىكى ئېپتىدائىي ماتېرىياللاردا ھۇنچە ئاتالغۇ ۋە ئا-
دەم ئىسىملىرى ئۇچرايدۇ . بۇ ماتېرىياللاردىكى بىر قىسىم
سۆزلەرنى تۈركىي تىللار بويىچە چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ .
لېكىن ، زور كۆپچىلىك قىسمى ئالتاي تىلىنى ئاساسىي
نۇقتا قىلغان دېگەن پەرەزلىك تەھلىل ئالدىدا بەرداشلىق

بىرەلمەيدۇ. بەلكى ئۇلارنىڭ تىل قۇرۇلمىسىغا ئاساسلان-
غاندا، ئۇلارنىڭ تىلى ئالتاي تىللىرىنىڭ سىرتىدىكى باشقا
بىر تىلغا مەنسۇپ ئىكەنلىكى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.
شۈبھىسىزكى، ھۇنلار مەدەنىيىتىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى-
گە قاراپ ئۇمۇمەن بىز ئۇلارنى تۈرك ياكى موڭغۇللارغا
مەنسۇپ دەپ تونۇيمىز. بىز يەنە شۇنداق پەرەز قىلىشقا
ھەقلىقمىزكى، ھۇنلارنىڭ ھوقۇق قۇرۇلمىسىدا تۈرك يا-
كى موڭغۇللارنىڭ تەركىبى بار ياكى ئۇلار مۇھىم ئورۇننى
ئىگىلىگەن. لېكىن، بىز ئاددىلاشتۇرۇپلا تۈركلەرنى
«تۈرك - موڭغۇل مىللىتى» دەپ ئاتىساق، ئۇ چاغدا تويۇق
يولغا كىرىپ قالىمىز. بۇنداق دېيىشكە دەلىل - ئىسپات
يېتەرسىز بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يۇقىرىدا ئېيتىلغان-
دەك، بىز ئىگىلىگەن تىلشۇناسلىق بىلىملىرىدىن چەتتەپ
كەتكەن بولىمىز.

بلېدا بىلەن ئاتتىلانىڭ تەختكە ۋارىسلىق قىلىشى
ھۇنلارنى ئادەتتىن تاشقىرى ئالغا يېتەكلەيدىغان قوماندانغا
ئىگە قىلدى، شۇڭا ئۇلارنىڭ ياۋروپادىكى مۇتلەق ئۈستۈن-
لۈكنى ئىگىلىگەن ھۆكۈمرانلىقى نەچچە ئون يىل دا-
ۋاملاشقان. مىلادىيە 445 - يىلى ئاتتىلا بلېدانى قەستلەپ
ئۆلتۈردى ھەم ئۆز خەلقىنىڭ بىردىنبىر ھۆكۈمرانى سۈپى-
تىدە مىلادىيە 453 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، يەنى ۋاپات
بولغانغا قەدەر ھۆكۈمرانلىق قىلدى. بىز بلېدا بىلەن ئات-
تىلانىڭ ھەمكارلىقى قانداق خاراكتېرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى
بىلمەيمىز، لېكىن ئۇلارنىڭ يولغا قويغىنى ئۈچ مەنبەلىك
ھۆكۈمرانلىق سىستېمىسىدىن ئىبارەت. يەنە بىر تەرەپتىن



ئۇلارنىڭ بۇ خىل ھۆكۈمرانلىق تۈزۈلمىسىنىڭ ئىقتىدارى
ھەققىدە بىزنىڭ بىلىدىغانلىرىمىز ئانچە كۆپ ئەمەس. ئەم-
ما، بۇ خىل تۈزۈم ئوتتۇرا ياۋروپا - ئاسىيا چوڭ قۇرۇق-
لۇقىدىكى خەلقلەر ئارىسىدا خېلى ئومۇملاشقان. ئۇلارنىڭ
ھوقۇقنى تەقسىم قىلىشى رايونلار چېگراسىنى ئاساس قىل-
غان، باشقا بىر قىسمى ئۇنىڭدىن بىر دەرىجە ئۈستۈن
تۇرىدىغان ھۆكۈمران بولغان. ئەگەر بىز نوقۇل ھالدا
قىياس قىلساق، كىشىلەر شۇنى مۆلچەرلىيەلەيدۇكى، يۇ-
قىرىقى پاكىتلار ھۇنلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىدۇر. ئاتتىلا-
نىڭ چوڭ ئاكىسى بلېدا ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكى ئەڭ چوڭى
ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ھون ئىمپېرىيەسىنىڭ بىر قەدەر مۇھىم
بولغان شەرقىي قىسمىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان. شۇڭا،
غەربىي دۇنياسىنىڭ ئاتتىلا ھەققىدە كۆرگەنلىرى بىر قەدەر
كۆپ، شۇنداقلا ئۇ ئىككى قېرىنداش ئىچىدىكى ئامان قال-
غىنى ھېسابلىنىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ شۆھرىتى
بلېدادىن يۇقىرى. بلېدا ئاتتىلانىڭ يېنىدا بولسىمۇ، لې-
كىن سۈيىقەستكە ئۇچرىغان بلېدانىڭ ئىسمى ناھايىتى ئاز
تىلغا ئېلىنغان.

ئاتتىلا بىلەن زاماندىش بولغان رىملىق پرىسكوس
جوردانىسنىڭ ئەسىرىدىن نەقىل كەلتۈرگەن (35 - بەتتە
ئۇنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن: «ئۇ بارلىق مىللەتلەرنى زىل-
زىلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن بۇ دۇنياغا چۈشكەن ئادەم، ئۇ
دۇنيانىڭ بالايىئاپىتى، ئۇ ھەققىدىكى قورقۇنچلۇق رىۋايەت
مەلۇم جەھەتتە ئىنسانلارنى ۋەھىمە ئىچىگە غەرق قىلغان.
ئۇ يول ماڭسا يېشىنى تىك تۇتۇپ، چوڭ قەدەم تاشلايتتى،

كۆز قارىچۇقى ھەرياققا تىكىلەتتى، تەكەببۇر قىياپىتى چىرايىدىن مەلۇم بولاتتى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئۇرۇشخۇمار ئىدى، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ ھېسسىياتى ۋە ھەرىكىتىنى كونترول قىلالايتتى، ئىرادىسى كۈچلۈك ئىدى. ئۇنىڭغا ئېھتىياجى چۈشكەنلەرگە ھېسداشلىق قىلاتتى. ئۇنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەنلەرگە كەڭچىلىك قىلاتتى ۋە كۆيۈنەتتى، ئۇنىڭ بويى پاكار، بېشى يوغان، كۆكرىكى كەڭ، كۆزى كىچىك، ساقال - بۇرۇتى شالاڭ بولۇپ، ئازراق كۈل رەڭ ئىدى. بۇرنى پاناق، تېرىسى قارامتۇل بولۇپ، ئۆز قان سىستېمىسىنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى» (مېرۋۇنىڭ ئەسىرى 102 - بەتتىن نەقىل).

بلېدا بىلەن ئاتتىلا ئاكا - ئۇكا ئىككىسى ھۇنلارنىڭ ھۆكۈمرانى سۈپىتىدە بىرلىشىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ، خارجى ئىشلاردا ناھايىتى زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. مىلادىيە 435 - يىلى ئۇلار رىنسىيۇدوسىيىن پادىشاھىنىڭ ئەلچىلىرى بىلەن ئاتالمىش «مارگۇس شەرتنامىسى»نى ئىمزالىدى، بۇ شەرتنامە مارگۇستا ئىمزالانغان (ھازىرقى يۇگوسلاۋىيەنىڭ دوبرووۋىكا دېگەن جايى)، مەزكۇر شەرتنامىدە: «مەزكۇر ئىمپېرىيە (شەرقىي رىم ئىمپېرىيەسى) ھەر يىلى ھۇنلارغا 700 قاداق ئالتۇن خىراج تاپشۇرۇش شەرت. بەلكى ھەربىر قاچقۇن ئۈچۈن، مەيلى ئۇلار ھۇن بولسۇن ياكى رىملىق قاچقۇنلار بولسۇن، ھەر بىر ئادەم ئۈچۈن سەككىز تىللانى قايتۇرۇۋېلىش پۇلى ئورنىدا تاپشۇرۇش شەرت. بەزى سودا بازارلىرىدا ھۇنلار رىملىقلارغا ئوخشاش تىجارەت قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە» دەپ



بەلگىلەنگەن. بۇ شەرتنامىدە ئادەمنى تولىمۇ قىزىقتۇرىدىغان ئاجايىپ - غارايىپ ئىشلار خاتىرىلەنگەن.

«ھۇنلار ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىسىدە ساقلىنىپ قالغان ئۆرپ - ئادىتى بويىچە باشقىلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگەندە ھامان ئات ئۈستىدە تۇرۇپ سۆزلىشەتتى. رىم ئەلچىلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھۇنلار بىلەن شەرتنامە تۈزگەندە ئاتقا مىنىپ تۇرۇپ ھۇنلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزەتتى. ئاتنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ سۆھبەت ئۆتكۈزگەندە رىم ئەلچىلىرى ناھايىتى بىئاراملىق ھېس قىلاتتى.»

يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك، ھۇنلار ئىمكانقەدەر ئىككى سەپتە ئۇرۇش قىلىشتىن ئۆزلىرىنى قاچۇراتتى. «مارگۇس شەرتنامىسى»غا ئەگىشىپ ئۇلار ئاتتىلانىڭ باشچىلىقىدا ئاساسلىق خىللانغان كۈچنى غەربىي فرونتقا سەرپ قىلدى: مىلادىيە 437 - يىلى ئادىيوسنىڭ قۇترىتىشى بىلەن ھۇنلار رېيىن دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىدىكى مايىنز رايونىدىكى بۇرگوندلارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغان. بۇ قېتىمقى بۇزغۇنچىلىقى ئىنتايىن ئېغىر بولغان تۇيۇقسىز ھۇجۇمدا بۇرگوندىيانلارنىڭ پادىشاھى گونداخار ئۆلتۈرۈلگەن، ھەتتا بارلىق بۇرگوندىيانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يوقىتىلغان. بۇ ئىنتايىن چوڭ بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىنى ئالغان ۋەقە گېرمانىيەنىڭ مەشھۇر داستانى «نىبېلۇنگېن قوشىقى»نى ئىنتايىن مول تارىخىي پاكىتلار بىلەن تەمىن ئەتكەن. ئەمەلىيەتتە 13 - ئەسىردىكى بىر ئەسەر ھېسابلانغان «نىبېلۇنگېن قوشىقى» خېلى بۇرۇنقى داستانلارنىڭ روھىنى قوبۇل قىلىپ، شىمالنىڭ خېلى كۆپ داستانلىرى-

غا ئىنتايىن چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن . ئاتتىلادىن ئىبارەت
بۇ شەخس قەدىمكى ئىسلاندىيەنىڭ ئەپسانە داستانى «ئېددا»
دا تىلغا ئېلىنغان. يەنى ساكسون - گراماتىكىس دەۋرىدى-
كى دانىيە تارىخىدا تىلغا ئېلىنغان ھۇندىن ئىبارەت.
تەخمىنەن مىلادىيە 433 - يىلىدىن باشلاپ ھۇنلار
قوشۇنى گائۇل رايونىدا بىرقانچە تۈمەن- ئەترەتلەرگە بۆلۈ-
نۈپ، يەرلىك ئاقسۆڭەكلەر ھاكىمىيىتى ئۈچۈن مەڭگۈلۈك
ھۆكۈمرانلىق مۇلازىمىتىدە بولدى . مىلادىيە 437 - يىلى
ئۇلار باگائۇدالارنى مەغلۇپ قىلىش ۋەقەسىدە مۇھىم رول
ئوينىدى. بۇ تامرات، قالاق مىللەت مىلادىيە 435 - يىلى
غەربىي رىم ئىمپېرىيەسىدىن ئايرىلىپ چىقىپ مۇستەقىل-
لىق جاكارلىدى. مىلادىيە 439 - يىلى ھۇنلار گېنېرال
ئاتىيۇسنىڭ كانىۋىيى لىتوردۇسنىڭ قوماندانلىقىدا توئۇ-
لۇئۇس شەھىرىنى قوشۇۋالغاندىن كېيىن، يەنە ۋىسگوت
پادىشاھى تېئودېرىك I نىڭ مەركىزى شەھىرىگە قورشاپ
ھۇجۇم قىلغان. بۇ ئۇرۇشتا تېئودېرىكنىڭ قايتۇرما ھۇجۇ-
مى زور غەلىبىگە ئېرىشكەن، ھۇن قوشۇنى ئېچىنىشلىق
ھالدا مەغلۇپ بولغان . شۇ يىلى ۋاندالار شىمالىي ئافرىقى-
دىكى كارداك رايونىنى ئىشغال قىلغان . شەرقىي رىم
ئىمپېرىيەسى ئۇلارنى دېڭىزدىن ئۆتۈپ ئىتالىيەدە قۇرۇق-
لۇقتا چىقىشى مۇمكىن، دەپ ئويلاپ، گائول رايونىدىكى
گېنېرال ئايۇسنى قايتۇرۇپ كەلدى . شۇ ۋاقىتتا غەربىي
رىم رايونى تەھدىتكە ئۇچرىغانىدى. نىپىردىگارد II نىڭ
قوشۇنىنى ئاساسىي كۈچ قىلغان پېرسىيە قوشۇنى شەرقىي
رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ ئەرمىنىيە ئۆلكىسىگە تۇيۇقسىز



ھۇجۇم قىلدى . سادىر بولغان بۇ بىر يۈرۈش ۋەقەلەر
ئاتتىلاغا ئومۇمىيۈزلۈك مەلۇم قىلىندى . ئۇ بۇ پاي-
دىلىق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مىلادىيە 441 - يىلى چەك-
لىك ھەربىي كۈچى بىلەن شەرقىي رىم ئىمپېرىيەسىگە
شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىدى . مىلادىيە 443 - يىلىدىن
مىلادىيە 447 - يىلىغىچە بولغان بىر يۈرۈش ئىستراتېگى-
يەلىك ھەرىكەت نەتىجىسىدە ئاتتىلا. ھۇنلارنىڭ مۇنازىرە
تەلەپ قىلمايدىغان ئەمەلىي ھۆكۈمرانىغا ئايلاندى . ھۇنلار-
نىڭ بۇ بىر يۈرۈش ھەربىي ھەرىكەت پىلانى قارىماققا باشقا
غەرەزدە ئەمەس، بەلكى رىملىقلاردىن تېخىمۇ كۆپرەك ئال-
ۋان ۋە باشقا ماددىي مەنپەئەت ئۈندۈرۈۋېلىشنى كۆزلىگەن-
دەك قىلىدۇ. ھالىدىن كەتكەن رىم ئىمپېرىيەسى ئاخىرقى
ھېسابتا مىلادىيە 443 - يىلى ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق
ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ھۇنلار بىلەن تىنچلىق
شەرتنامىسى تۈزگەن. بۇ شەرتنامىدە رىم ئىمپېرىيەسى
ھەر يىلى ھۇنلارغا 2100 قاداق ئالتۇن ئولپان تاپشۇرىدۇ،
دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ سان رىم ئىمپېرىيەسى «ماركۇس
شەرتنامىسى» دا ھۇنلارغا تاپشۇرىدىغان ئولپاننىڭ ئۈچ
ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىدۇ.
چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىر نۇقتا شۇكى،
رىم خانى تىنچلىق شەرتنامىسىدىكى ماددىلارنى ئامالسىز-
لىقتىن ئىجرا قىلغانىدى. قاتتىق قانۇنىي بەلگىلىمىلەرگە
ئاساسلانغاندا، ھۇنلار رىم ئىمپېرىيەسىگە قوزغىغان ھۇ-
جۇمنى ئاقلاشقا تامامەن ھەقلىق ئىدى؛ چۈنكى رىم ئىمپې-
رىيەسى تىنچلىق شەرتنامىسىدە بەلگىلەنگەن ماددىلارغا

ئەمەل قىلمىغانىدى. [illegible]
[illegible] مۇشۇ نۇقتىغا ئاساسلانغاندا، ۋىزانتىيە ئەلچىخانىسىنى يېزىلغان خاتىرىنى ئاتتىلاغا تاپشۇرادى. مەزكۇر خاتىرىنىڭ ئۆزى گەرچە ئىلگىرى ۋە كېيىن سادىر بولغان ئىشلارغا نىسبەتەن ئانچە مۇھىم ئەمەستەك قىلسىمۇ، لېكىن پرىسكوسنىڭ بۇ ئىش توغرىسىدىكى قالتىس تەسۋىرلىرىنى ئۇنتۇپ قېلىشى تەس. مەزكۇر ئەلچىخانا مائىمىنۇس ئىسىملىك بىر ئادەمنىڭ رەھبەرلىكىدە ھۇن ئېدىكو ۋە تەرجىمان بىگىلاسنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا مىلادىيە 448 - يىلى ياكى 449 - يىلى قۇرۇلغان، ئەلچىخانىدىكى بارلىق خادىملار ئىچىدە پەقەت مائىمىنۇس ۋە بىگىلاسلا ئېدىكونى كونستانتىنوپولدا قىسقا ۋاقىت تۇرغاندا نوپۇزلۇق ھەرەم ئاغىسى كىرساپىئۇس سېتىۋالماقچى بولغان ھەم ئۇنى ئاتتىلانىڭ ئوردىسىغا قايتقاندىن كېيىن ئاتتىلانى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش ھەرىكىتىنى ئويۇشتۇرۇشقا كۈشكۈرتمەكچى بولغان. ئېدىكو ئۆز خوجايىنىنىڭ مۇددىئاسىغا خائىنلىق قىلمىغان، لېكىن ئۇنىڭ خائىنلىق ئوبرازىنى يارىتىشى كىشىلەرنى پايىل قىلغان [illegible]

[illegible] رىملىقلار ۋەدىسىگە خىلاپ ھالدا ئاتتىلانى قەستلەپ ئۆلتۈرۈشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن يېڭى بىر تىنچلىق شەرتنامىسى مىلادىيە 450 - يىلى ئەتىيازدا سېئودىيۇس ۋاپات بولۇشتىن سەل بۇرۇن ھۇنلار بىلەن ۋىزانتىيە ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلدى. بۇ شەرتنامىنىڭ بىر قەدەر يۇمشاق شەرتلىرى بويىچە تۈزۈلۈشى ئېھتىمال ئاتتىلانىڭ كۈچىنى توپلاپ، ئىمپېرىيەنىڭ غەربىي قىسمىغا بىر قېتىملىق تو-



يۇقىرىسىز ھۇجۇم قىلىشنى مەقسەت قىلغانلىقىدىن بولسا كېرەك. ۋاھالەنكى، سېئودىيۇسنىڭ ئۆلۈمى ئويلىمىغان قىيىنچىلىقلارنى ئېلىپ كەلدى. چۈنكى، ئىمپېرىيەنىڭ يېڭى خانى ماركىئان ھۇنلارغا قارىتا قاتتىق قوللۇق لۇشيەن - سىياسەت قوللىنىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ دەرھال ھۇنلارغا داۋاملىق ئولپان تاپشۇرۇشنى توختىتىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئاتتىلانىڭ ۋىزانتىيە بىلەن تىنچلىق شەرتنامىسى تۈزۈش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ يان تەرىپىنى ساقلاپ قېلىش ئۈمىدى مەغلۇپ بولدى. ئۇ غەربىي رىم ئىمپېرىيەسىگە ھۇجۇم قىلىش پىلانىدىن ۋاز كېچىش كېرەكمۇ ياكى تېزدىن ئېلىپ بېرىش كېرەكمۇ دېگەننى قارار قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ بۇ ئىككى خىل لايىھەنىڭ ئاخىرقى بىر خىلىنى تاللىۋالدى ھەم مىلادىيە 451 - يىلىنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدە كۆلىمى مىسلىسىز چوڭ بولغان بىر مەيدان غەربىي قىسىم ئۇرۇشىنى قوزغىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ مەقسىتى تولۇس (ھازىرقى فرانسىيەدىكى بىر جاي)نى مەركەز قىلغان شىيۇدىلىكنىڭ ۋىسگوت ئىمپېرىيەسىنى يوقىتىش دەپ ئاشكارا جاكارلىدى. ئەمما، تولۇسقا بېرىش ئۈچۈن گائۇل رايونىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. ئەمما، ئاتتىلانىڭ غەيرىي خارجى ئىستراتېگىيەسى مۆجىزە ياراتتى. كۆپ يىللاردىن بۇيان چىقىشالماي كەلگەن ۋىسگوتلار بىلەن ئاتىيۇس باشچىلىقىدىكى رىملىقلار ئىتتىپاق تۈزدى. [illegible]

[illegible] ئاتتىلانىڭ قوشۇنى ھۇنلار، گېرمانلار ۋە گائۇلدىكى خاتىرجەمسىزلىك ئامىللىرى تۈپەيلىدىن جىددىي كۆپەيگەن

قوشۇندىن تۈزۈلگەن ئارىلاشما قوشۇن بولۇپ، ئۇلار مىلادىيە 451-يىلى ئەتىيازدا رېيىن دەرياسىدىن ئۆتۈپ، 7-ئايدا ئورلېئان رايونىنىڭ ئالدىنقى سەپلىرىدە پەيدا بولغان. ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، ھۇنلارنىڭ گائۇل رايونىغا قارىتا قوزغىغان ئۇرۇشىدىن ئىبارەت بۇ ۋەقە ئۆزىگە مۇناسىپ ھالدا نوپۇزلۇق تەتقىقاتقا ئېرىشەلمىدى. قارىماققا، ھۇنلارنىڭ توختاۋسىز ھۇجۇمىغا مۇقەررەر ھالدا زور كۆلەملىك قارشىلىق كۆرسىتىلمىگەندەك قىلىدۇ. مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا، ھۇنلار پارىژ شەھىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، مۇداپىئەسى مۇستەھكەم بولغان نۇرغۇن شەھەرلەردىن چەتنەپ ئۆتكەن، ئۇلارنىڭ سەپىرى ئىنتايىن ئاستا بولغان، ئاتتىلانىڭ گائۇل رايونىغا قوزغىغان ئۇرۇشى كېيىنچە موڭغۇللار قوزغىغان ئۇرۇش ۋە ۋېنگرىيەلىكلەر فرانسىيەگە قارىتا ئېلىپ بارغان تاجاۋۇزدىن ئىبارەت چاقماق تېزلىكىدىكى ئۇرۇشلارغا ئوخشاش چاقماق تېزلىكىدە زەربە بېرىشنىڭ تىپىك ئۈلگىسى بولالمىغان. شەك-شۈبھىسىزكى، ئاتتىلانىڭ ئورلېئان رايونىنى ئىشغال قىلالماسلىقىدىكى سەۋەب؛ كۈچى يەتمىگەنلىكى ياكى باشقا سەۋەبلەردىن بولسا كېرەك. ئەمما، ئۇنىڭ مۇداپىئەلەنگەن شەھەرلەردىن ئەگىپ ئۆتمەيلا تولۇس شەھىرىگە قارىتىلغان توختاۋسىز ھۇجۇمنى داۋاملاشتۇرغانلىقى تېخىچە چۈشەندۈرۈلمىدى. ئەمەلىيەتتە ئاتتىلا ئەسلىدىكى يولى بىلەن تىروۋېس يېنىدىكى رايونلارغا قايتىپ بېرىپ، رىملىقلار بىلەن ۋىسگوتلاردىن تەشكىل قىلىنغان بىرلەشمە قوشۇنغا تاقابىل تۇرغان. شۇنىڭ ئارقىسىدىن پەيدا بولغان ئۇرۇش



تارىختا «كاتالونىيان ئۇرۇشى» دەپ ئاتالغان. بۇ ئۇرۇشنى جوردانېس مۇنداق تەسۋىرلىگەن: «بۇنداق ئۇرۇش قەدىمدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان. بىر باتۇر ئەگەر بۇنداق ئۇرۇشقا قاتناشمىغان بولسا، ئۇ ئۆمۈر بويى بۇنداق ھەيۋەتلىك جەڭنى يەنە كۆرەلمەسلىكى مۇمكىن. شۇڭا ئەگەر بىز ئەجدادلارنىڭ بۇ ئۇرۇش توغرىسىدىكى تەسۋىرلىرىگە ئىشەنسەك، ئۇ چاغدا بۇ تۈزلەڭلىكنىڭ باغرىدا ئاققان دەريا قۇربان بولغان قوماندان - جەڭچىلەرنىڭ قانلىرى بىلەن قوشۇلۇپ دەريا ئېقىنىنى ئۇلغايتقان بولۇشى تەبىئىي». سىيۇدرىك مۇشۇ جەڭدە بەختكە قارشى قۇربان بولغان. ئاتتىلامۇ مۇشۇ جەڭدە ئۆلۈپ كېتىش ئېھتىمالىنى ئالدىن مۆلچەرلەپ تەييارلىنىپ قويغانىدى. نوقۇل ھەربىي ئىشلار نۇقتىسىدىن قارىغاندا، غەلىبە رىملىقلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقداش قوشۇنى تەرەپتە ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئەمما، ئاتىيۇس بۇ ياۋايى مىللەت بىلەن تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاپ قېلىشنى ئۈمىد قىلاتتى. شۇڭا ئۇ، غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشكە بېرىلىپ كەتمىدى ھەم ئاتتىلانىڭ چېكىنىشىگە يول قويدى.

بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ئاتتىلا مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كۈچى تېخى ئۈزۈل-كېسىل گۇمران بولمىغانىدى. مىلادىيە 452-يىلىدىن باشلاپ ئۇ باشقا بىر قېتىملىق زور ئۇرۇشقا تەرەددۇت قىلىنىۋاتقانىدى. بۇ نۆۋەت ئۇ باشلىغان قوشۇن ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئۇدۇل مىلانو (ھازىرقى ئىتالىيەنىڭ مىلان شەھىرى) رايونىغا يېتىپ باردى. ھازىرقى زامان ئاتالغۇسى بويىچە ئېيتقاندا،

ئاتتىلانىڭ ئۆزىگە خاس كېڭەيمىچىلىكى ھەددىدىن زىيادە بولۇپ كەتكەنىدى . ئاتتىلا ئىتالىيەدە تۇرۇۋاتقان چاغدىلا ئۇنىڭ ئائىلىسى مارسىئاق قوشۇنىنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمى-غا ئۇچرىغاچقا ، ئۇ ئىتالىيەدىن قوشۇن چېكىندۈرۈشكە مەجبۇر بولدى . ئاتتىلا مىلادىيە 453 - يىلى ئىتالىيەدىن قايتىش سەپىرىدە مېڭىسىگە قان چۈشۈپ ۋاپات بولغان . بىر ئىگىلىگەن ئاتتىلانىڭ دەپنە مۇراسىمىغا ئائىت تەپسىلىي تەسۋىرلەش ماتېرىياللىرىدىن ئوتتۇرا ياۋروپا-ئاسىيالىقلارنىڭ دەپنە قىلىش ئادەتلىرىدە نۇرغۇن ئوخ-شاشلىقلارنىڭ بارلىقىنى بىلىمىز . قارىماققا شۇنىسى شەك-شۈبھىسىزكى ، ھۇنلارغا مەنسۇپ ئارخېئولوگىيەلىك يادى-كارلىقلار بۇ تەسەۋۋۇرنى ئىسپاتلايدۇ ، يەنى ئۇلار ئاساسىي جەھەتتىن ئوتتۇرا ياۋروپا - ئاسىيا مىللەتلىرىدىن ئىبا-رەت . يەنە شۇنىمۇ مۇقىملاشتۇرۇشقا بولىدۇكى ، ئوتتۇرا ياۋروپا - ئاسىيالىقلارنىڭ تەركىبى ھۇن ئىمپېرىيەسى تە-ۋەسىدە ئۇزاق ئۆتمەيلا سىڭىشىپ كەتتى . ۋاھالەنكى ، ئات-تىلانىڭ سىياسىي مەقسىتى كىشىلەر ئومۇمىيۈزلۈك مەد-ھىيىلەپ كېلىۋاتقان چىڭگىزخاننىڭ زېمىنىسگە ئالغان يۇ-كى ۋە قارا نىيىتىگە قارىغاندا كۆپ ئاز ئىدى . ئۇنىڭدىن باشقا ، ئاتتىلانىڭ ھەربىي ئىشلار بويىچە تالانت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىللەر ناھايىتى ئاز ئىدى . ئۇنىڭدىن باشقا ، نۇرغۇنلىغان ئۇرۇش ئىستراتېگىيەسى ۋە تاكتىكىلىرى تۈرك - موڭغۇل شەكلىدە بولماستىن ، بەلكى گېرمانچە( شەكىللەرگە ئوخشاپ كېتىدۇ .

ئاتتىلا ئىمپېرىيەسىنىڭ قۇرۇلۇشى قىسقا ۋاقىتلىق



بولۇپ ، ئۇنىڭ گۇمران بولۇشى ئاتتىلا ئۆلگەندىن كېيىن ۋە گېپىدنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىدىن كېيىنلا باشلانغانىدى . ياكى تېخىمۇ توغرىراق ئېيتقاندا ، گېپىدنىڭ ئاسىيلىق قىلىشى ئەمەلىيەتتە ھۇنلارنىڭ باننونىيەدىكى ھۆكۈمرانلى-قىنى ئاخىرلاشتۇردى . مىلادىيە 445 - يىلىغا كەلگەندە قەدىمكى رىمنىڭ بۇ ئۆلكىسىگە ياۋايى مىللەت ھۆكۈمرانى-لىق قىلالمايدىغان بولدى . ھۇنلار شەرقىي رىم ئىمپېرىيە-سى بىلەن غەربىي رىم ئىمپېرىيەسى قوشۇنىدا داۋاملىق خىزمەت قىلىشقاندى ھەم ئىلگىرى بىر مەھەل ھۆكۈمرانى-لىق ئورنىدا تۇرغان بۇ ئىرق گۇرۇھىنىڭ ئەۋلادلىرى يېڭى ئوتتۇرا ياۋروپا - ئاسىيا فېدېراتسىيەسىنىڭ سىياسىي گەۋدىسى تەرىپىدىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىندى ۋە قوشۇ-لۇپ كەتتى . مانا بۇ ، ھۇنلارغا ئائىت ئاجايىپ - غارايىپ ھېكايىلارنىڭ كىشىلەرنىڭ ئېسىدە نېمە ئۈچۈن ئۇزاققىچە ساقلىنىپ قالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ . ئۇلار تارىخ دەرسلىكلىرىدە مەۋجۇت بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى ۋېنگرىيەنىڭ تارىختا يېزىپ قالدۇرۇلمىغان رىۋايەتلىرىدە ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە .

## پايدىلانمىلار

ھۇنلارغا مۇناسىۋەتلىك ئوقۇشقا ئەرزىيدىغان ماتېرى-ياللار خېلى كۆپ . جوردانىسنىڭ بارلىق نەقىللىرى چار-لىز كرىستوفنىڭ «جوردانىس قەلىمىدىكى ئاتتىلا ۋە گوت ئىمپېرىيەسى» ناملىق كىتابىدىن ئېلىنغان ؛ پرىستون

ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1915 - يىلى 1 - نەشرى .
بارنىس ۋە نوبلى 1960 - يىلى 2 - نەشرى . غەربىي
هۇنلار ھەققىدە يېزىلغان ھازىرقى ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ
مۇنەۋۋەر ئەسەر A.E تومپىسون يازغان «ئاتتىلا ۋە ھۇن-
لار تارىخى» دىن ئىبارەت ، ئوكسفورت ئۇنىۋېرسىتېتى
1948 - يىلى نەشرى . ئالاقىدار تارىخىي ماتېرىياللاردىكى
كۆپ سانلىق بىۋاسىتە ئېلىنغان نەقىللەرنى D.C گوردون
يازغان ؛ «ئاتتىلا دەۋرى» ، «مىلادىيە 5 - ئەسىردىكى ۋى-
زانتىيە ئىمپېرىيەسى ۋە كۆچمەن مىللەت» (ئان . گاربور
1966 - يىلى ئاددىي مۇقاۋىلىق نەشرى ) دىن تېپىشقا بولى-
دۇ .
مۇبادا ھۇنلارنىڭ تارىخى بىرقانچە پارچە ماقالە بىلەنلا
بايان قىلىنىدىغان بولسا ، ئۇ چاغدا كېيىنكى رىم ئىمپېرى-
يەسى ياكى ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ تارىخى مۇكەممەل
تارىخ بولماي قالاتتى . B.J بۇرى يازغان «سىيۇدۇس I دىن
جۇستىنىئان ئۆلگەندىن كېيىنكى رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ
ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى تارىخى» كىتابلار تەرىپىدىن
مۇشۇ جەھەتتىكى ئەڭ ياخشى كىتاب دەپ ئېتىراپ قىلىن-
دى . (نيۇ - يورك ،دوۋېر نەشرىياتى ،1958- يىلى ) .
سىنورنىڭ «باشلانغۇچ ساۋات» ناملىق كىتابىنىڭ
261 - بېتىدىن 265 - بېتىگىچە چوڭقۇرلاپ ئوقۇسا ، بەزى
خەتلىرىدىن ئېلىنغان نەقىل مۇشۇ تېزىستىن پايدىلانغۇچى-
لار ئۇچۇن ئېتىقاندا ئالاھىدە قىزىقارلىق بولاتتى . مەسى-
لەن ، ئوتو مائېنسېن — خېلفېن يازغان «يالغان
ھۇنلار» ، ئوتتۇرا ئاسىيا ژۇرنىلى 1 - سان ، 1955 - يىلى



نەشرى ، 101 - ، 106 - بەتلەر .
ل . خارماتتا يازغان «ھۇن ئىمپېرىيەسىنىڭ يوقىتى-
لىشى» 1 - سان ، «ئاتتىلا دەۋرىدىكى ھۇن جەمئىيىتى» ،
ۋېنگرىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات
ئورنى ،2 - سان ،1952- يىلى نەشرى ، 277- ، 304-
بەتلەر .
ئوتومائېسسېن — خېلفېن يازغان «ياۋروپا ھۇنلىرى
بىلەن ھۇنلار» ، ۋىزانتىيە 1944 - ، 1945 - يىللار نەش-
رى ، 17 - سان ، 222 - بەتتىن 243 - بەتكىچە .

«شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى
1997 - يىلى 1 - ، 2 - سانلىرىدىن ئېلىندى .

本书根据中国社会出版社 2000 年 1 月第一版，2000 年 1 月第一次印刷版本选译而出版。

مەسئۇل مۇھەررىرى : پازىلجان مۇسا
مەسئۇل كوررېكتورى : بەختىيار ئابلىمىت

# ئاتىللا ھەققىدە رىۋايەت

## (ھۇنلارنىڭ ياۋروپاغا بېسىپ كىرىشى)

تەرجىمە قىلغۇچى : ئۆمەرجان نۇرى

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 - قورۇ ، پوچتا نومۇرى : 844000 )
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 1092×787مم 1/32
باسما تاۋىقى : 3.625 قىستۇرما ۋارىقى : 4
2004 - يىل 4 - ئاي 1 - نەشرى
2011 - يىل 2 - ئاي 3 - بېسىلىشى
تىرازى : 5000 —— 3001

---

ISBN 978—7—5373—1259—2

باھاسى : 9.00 يۈەن
سۈپەتتە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ
تېلېفون : 2653927 — 0998